# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

3

1997

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

(پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)


1997 - يىل 3 - سان
ئومۇمىي 37 - سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئىسلامجان شېرىپ


* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *


**تەھرىر ھەيئەت پەخرى مۇدىرى:**

تۇرسۇن سادىر، ئابدۇرېھىم رەجەپ

**دائىمىي مۇدىرى:**

ئىسلامجان شېرىپ (ئالىي مۇھەررىر)

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى** (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):

ئابدۇكېرىم راخمان، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاۋۇت توختى، ئابدۇللا مەخسۇت، پەرھات سەئىدى، تۇرسۇن ئوسمان، رىشات ئىنايىتۇللا، مەمتىمىن ياسىن، مۇھەممەت ئوسمان، مەمتىمىن سادىق، مۇھەممەت رەجەپ، مۇرات يۇنۇس، مەمتىمىن شايىدىن، مىجىت ئىمىن، جىلىل ناسىر، جالالىدىن پازىل، سېيىتنىياز ھەۋەيدۇللا، سەمەت ئەيسا، شېرىپ ئىمىن، ئۆمەر ئابدۇللا، يۇسۇپ قاسىم.

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**

قەيسەر قەييۇم

# بۇ ساندا

## بازار ئىگىلىكى ـ ئىقتىساد


سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي تىل ـ يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل ........ تاھىرجان مۇھەممەت 2

شىنجاڭدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ........ ئارسلان ئەھمەد زىيائى، ئابدۇغنى مۇھەممەتئىمىن 7

شىنجاڭدىكى ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى ........ قۇربانجان باقى 12


## مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات


ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى ........ ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 18

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنەيلى ........ سىدىق يۈنۈس 23


## جەمئىيە ۋە كۆزىتىش


مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش شەھەرلەرنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا ........ خاتقىز ئىبراھىم 26

ئائىلە تەربىيىسىنى مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە ........ گۈلسۇم ھوشۇر 30

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى تۇرغۇزۇش ھەققىدە ........ گۈلنار ئىسمايىل 36


## ئاخبارات ـ نەشرىيات


ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە «ماسلاشتۇرۇش» توغرىسىدا ........ ئابلىكىم نۇرمەممەت 39


## تەتقىقات ۋە مۇلاھىزە


ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە ........ ئىسلامجان شېرىپ 42


## تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە


تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر ........ ئىبراھىم مۇتىئى 60

«غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى» دىن پارچە ........ س. گ. كلياشتورنىي 69

قەدىمكى كروران خانلىقىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت ........ ئەھمەت سۇلايمان 76


## ئەدەبىيات ـ سەنئەت


ئەدەبىيات ھەققىدىكى يېڭى قاراشلارغا بىر نەزەر ........ ئابلەت ئۆمەر 78

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى ھەققىدە ........ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 85

جاھالەتكە ئۇرۇلغان خەنجەر ........ مۇختار قادىر 91

زوھۇرى ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ........ ئەشرەپ ئابدۇللا 92

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي تىل-يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل

تاھىرجان مۇھەممەت

1992-يىلى ئۆكتەبىردە ئېچىلغان ج ك پ نىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا: «ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت»① دەپ قەيت قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» ئۇقۇمى پارتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىگە رەسمىي كىردى، مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمۇ بازار ئىگىلىكىگە ئائىت مەزمۇننى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»غا كىرگۈزدى. 1993-يىلى نويابىردا ئېچىلغان پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ماقۇللىدى. قاراردا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى، ئۇنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى، قەدەم باسقۇچى ۋە كاپالەت شەكلى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىندى. «قارار» - ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنىڭ رەسمىي تىكلىنىشى بولدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى 10 نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ قەدەممۇ-قەدەم چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى ۋە راۋاجى ئىدى. بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە؛ شۇنداقلا پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىغا، جۈملىدىن مىللىي تىل - يېزىق مەدەنىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە.

## I

جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى - سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشىشى ۋە تىزگىنلىشى ئاستىدا، بازارنى بايلىقلارنى تەقسىم قىلىشتا ئاساسلىق رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ؛ باھا پىشاڭى ۋە رىقابەت مېخانىزمىنىڭ رولى ئارقىلىق بايلىقلار ئۈنۈمى ياخشىراق بولغان ھالقىلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ؛ كارخانىلارغا ھەم بېسىم ھەم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنىدۇ، ناچارلىرى شاللىۋېتىلىدۇ؛ بازارنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىگناللارغا تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياج ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇلىدۇ.»②

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى كىشىلەرنىڭ بېشىنى چىرمىۋالغان «ئەپسۇن چەمبىرىكى»نى ئۈزۈل-كېسىل ئىرغىتىپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە: پىلان بىلەن بازارنىڭ ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ۋاسىتە ئىكەنلىكىنى، «سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا تۈپ زىددىيەت توقۇنۇشى يوق»لىقىنى، ③ پىلان بىلەن بازارنىڭ ئىجتىمائىي بايلىقلارنى تەقسىملەش تەدبىرى ئىكەنلىكىنى، بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمنىڭ «پاتېنتى» بولماستىن، «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزمنىڭمۇ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم» ④ لىقىنى تەدرىجىي تونۇتتى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى، ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىگە نوقۇل بازارنىلا قوشۇپ قويۇش ئەمەس، مۇھىمى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئارقىلىق بازارنىڭ تەلىپىگە، تاۋارنىڭ ئوبوروتىغا ئاساسەن پايدا-زىيانغا ئىگە بولىدىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا كارخانا قۇرۇش ئىكەنلىكىنى، بازار سىستېمىسىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادىل رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، ماكرولۇق تەڭشەشنى ياخشىلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسىنى ۋاستىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرىدۇ، تەمىنلەش بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورمال تەڭشەيدۇ؛ كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ ھەر خىل تەركىبلەرنىڭ ئۇيۇشۇشىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيدۇ؛ ئىقتىسادىي سىگناللارنى كېڭەيتىپ، يېزا-قىشلاق ۋە چېگرا رايونلاردا يېڭى ۋە ئاۋات بازارلارنى بەرپا قىلىدۇ. قىسقىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى يىلسېرى ياخشىلاشقا كەڭ زېمىن ھازىرلىدى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تىكلىنىپ يۈرگۈزۈلۈشى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. شۇنداقلا كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشقا ياخشى پۇرسەت ۋە جىددىي خىرىس ئېلىپ كەلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مۇقەررەر يوسۇندا ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ئالاقىسى قاتارلىق جەھەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، مىللەتلەر تىل-يېزىق مەدەنىيىتى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ۋە نازۇك تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان غەيرىي ئىقتىسادىي ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي تىل-يېزىق مەدەنىيىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە بارغانسېرى جەلپ قىلماقتا.

I

مىللەتلەر تىل-يېزىقى ـ مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىدىغان، تارقىتىدىغان ھەم ئۇنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرىدىغان قورال. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقى كۈچلۈك تارىخىي ئىنىرتسىيەلىك قۇۋۋەت بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى چەكلىمىلىكىمۇ كۆرۈلمەكتە. تۆۋەندە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي تىل-يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

## 1. مىللىي تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپ رولى

مىللىي تىل-يېزىق مەدەنىيىتى، مىللىي رايونلار ئىقتىسادىي بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشىدىكى مۇھىم ۋاسىتە. مىللىي تىل-يېزىق شۇ مىللەت، شۇ مىللىي رايون دائىرىسىدىلا قوللىنىلىدىغان، ئۇچۇر-ئالاقە ئالماشتۇرىدىغان قورال بولماستىن، بەلكى تاشقى مۇھىت بىلەن كەڭ ئالاقىلىشىپ ئۇچۇر يىغىش، بىلىم ئېلىش ۋە دۆلەتنىڭ ھەر خىل ئىمىر-پەرمانلىرىنى، سىياسىي نەزەرىيىلىرىنى ئىگىلەشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. بازار ئىگىلىكى بۇرۇنقى پىلان ئىگىلىكىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، ئۇ ھەممە ئۈچۈن يېڭى تېما، يېڭى شەيئى. ش ئۇ ئا ر دائىرىسىدە، بولۇپمۇ ئۆز ئانا تىلىنى ئاساسلىق ئالاقە قورالى قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن سىياسەتلىرى، بازار ئىگىلىكىگە ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەر مىللىي تىل-يېزىق ئارقىلىقلا كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئامما تەرىپىدىن ئىگىلىنىدۇ، ئاممىنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ئائىلىق قاتنىشىدىغان ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ، مىللىي تىل يېزىق ـ كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىجادچانلىقى بىلەن تەشەببۇسكار-لىقىنى يۈكسەك جارى قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مىللىي تىل-يېزىق مەدەنىيىتى، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، بازار ئىگىلىكى ماھىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان، ھەر ساھە- ھەر كەسىپنىڭ تېخنىك خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم قورال. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، چەت ئەللەر بىلەن تۇتىشىدىغان چېگرىسى ئۇزۇن. ش ئۇ ئا ر موڭغۇلىيە، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستانلار بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي چېگرا ئۇزۇنلۇقى 5700 كىلومېتىر، 33 ناھىيە ـ شەھەر چېگرا سىزىقىغا يېقىن جايلاشقان، ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن باشقا سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 14 چېگرا ئېغىزى بار. دېمەك، شىنجاڭنىڭ چېگرا سودا ـ بازارلىرى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدىكى يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. بۇلار ئەلۋەتتە پايدىلىق ئامىل. يۇقىرىدىكىلەرگە يانداش كېلىدىغان پايدىسىز ئامىللارمۇ بار. ئالايلى، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپى نىسبەتەن ئارقىدا، ئاھالىنىڭ ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن، ئىختىساسلىقلار (خۇسۇسەن ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرى) كەمچىل، ۋەھاكازالار. ئېلىمىز نۆۋەتتە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كېتىۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.شۈبھىسىزكى، بۇ مەزگىل ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان باسقۇچ. مىللىي تىل-يېزىق ـ باشلانغۇچ مائارىپ، ئەنئەنىۋى مائارىپ، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش، ھەتتاكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مائارىپ قاتارلىق مەرىپەت قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا زادى بولمايدۇ. ئەگەر، مائارىپ ـ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ بولسا، مىللىي تىل-يېزىق مائارىپنىڭ ئاساسى بولىدۇ، ھۇلى بولىدۇ. مىللىي تىل- يېزىقنىڭ ھەر دەرىجىلىك مائارىپتىكى رولىنى ئىلمىي تونۇش ۋە ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؛ ئانا تىلىمۇ پۇختا بىلىدىغان، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا چەت ئەل تىلىنىمۇ ئىگىلىگەن قوش تىللىق، ئىقتىدارلىق خادىملارنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ؛ مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىقتىـ ادشۇناسلىقتىن خەۋىرى بار، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى بىلەن ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق مەدەنىيىتى، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. ھازىرقى دەۋر — ئۇچۇر دەۋرى. تىل-يېزىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىدە مۇھىم قورال بولۇپلا قالماي، بەلكى پەن-تېخنىكا ساھەسىدىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاسىتە. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى (بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا) كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئەمگەكچىلەر يېڭى پەن-تېخنىكا مەشغۇلاتىنى ئىگىلىگەندىلا ئۆزىنىڭ سۈپەتلىك پائالىيەتچانلىقىنى كۆڭۈلدىكىدەك جارى قىلدۇرۇپ يۇقىرى قىممەت يارىتالايدۇ. ئوخشاشلا، بىر مىللەتمۇ زامانىۋى پەن-تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىگە ئىشىنىپ، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. بازار ئىگىلىكى داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئىجابىي قوبۇل قىلىشى، ئىلغار پەن - تېخنىكا بىلەن ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلىشى لازىم. ئەمەلىيەتنى چىقىش، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىجادچانلىق كۆرسەتكەندىلا كەسكىن بازار رىقابىتىدە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان، كۆپ مىللەت، كۆپ خىل تىل يېزىق مەدەنىيىتى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شىنجاڭدا، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ: «پۈتكۈل مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىش لازىم»، «نەشرىياتچىلىقتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىشنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆپ خىل تىل يېزىقتا كىتاب نەشر قىلىش - تارقىتىش لازىم» ⑤ دېگەن فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم؛ بولۇپمۇ، «مائارىپ ئاساس، پەن - تېخنىكا ئاچقۇچ»، «پەن تېخنىكىغا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» قارشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي تىل-يېزىقتىكى كىتاب ماتېرىياللارنى، خۇسۇسەن ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم؛ مىللىي تىل-يېزىق ئىلمىي تەتقىقاتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئوقۇش-ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە ئىشلىتىشنى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىش لازىم؛ يېڭى تەجرىبە، يېڭى ئۇقۇملارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىمكانىقەدەر تېز ئومۇملاشتۇرۇپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر ئىلمىي كەشپىيات، ئىلغار تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر-سەنئەت مىللىي تىل-يېزىق ئۇچۇرى ئارقىلىقلا تىل ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ ۋە شۇلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىدۇ ھەمدە شۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرىدىغان پىشاڭغا ئايلىنىدۇ، بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي ئىقتىسادنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە كاپالەت بېرىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق مەدەنىيىتى — مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشچانلىقىنى كۈچەيتىشتە، ئاھالىنىڭ بازار ئىگىلىكى پائالىيىتىدە ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، ھەمدە مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى يەنىمۇ ياخشىلاشتا ئىنتايىن ئاكتۇئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋ. ئى. لېنىن: «تىل - ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى؛ تىلنىڭ بىرلىكى ۋە تىلنىڭ توسالغۇسىز تەرەققىي قىلىشى سودا ئوبوروتىنىڭ ھازىرقى زامان كاپىتالىزمغا مۇۋاپىق كېلىشىگە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەركىن ۋە كەڭ تۈردە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم شەرتلەردىن بىرى، ئاھالىنىڭ ھەر قايسى گۇرۇھلارغا ئەركىن ۋە كەڭ تۈردە ئۇيۇشۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى.» ⑥ دېگەن ئىدى. بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئادەملەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. تەرتىپلىك، ئادىل رىقابەت مېخانىزمى بىلەن تىنچ-ئىتتىپاق ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ. مىللىي تىل-يېزىق مەدەنىيىتىگە شۇ مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى سىڭگەن بولىدۇ. ئاتاقلىق تىلشۇناس، پروفېسسور چېن سۇگېن ئەپەندى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «تىل ۋە ئۇنىڭ يازما شەكلى يېزىق، مىللەتنىڭ كۆپ خىل خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى، تىل - يېزىق پۈتكۈل مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مىللىي خۇسۇسىيەتنى ناھايىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.» ⑦ دېمەك، تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ئىشۇ تىل ئىگىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئۇيۇشچانلىقىنى كۈچەيتىدىغان ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى بار. كۆپ مىللەت، كۆپ خىل مەدەنىيەتلىك مىللىي رايوندا مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىشلىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ئارا شەكىللەنگەن باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىقتىن ئىبارەت يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەشتە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈشتە، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن ئاكتۇئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. مىللىي تىل-يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدىكى چەكلىمىلىكى

ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئەكس ئېتىۋاتقان چەكلىمىلىكى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1) ئېچىۋېتىلگەن بازار ئىگىلىكىگە قارىتا تىل - يېزىق فۇنكسىيىسىنىڭ نىسبىي «تارلىقى». تىل - يېزىق ـ ئىجتىمائىي ھادىسە، مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. تىل - يېزىق جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىدۇ، ھەر بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىق سىستېمىسى ئالدى بىلەن شۇ مىللەت خەلقىگە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر تىل - يېزىق فۇنكسىيە جەھەتتە ئوخشاش بولىدۇ، تەڭ قىممەتلىك بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىك بولغاچقا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى، باردى - كەلدى ۋە ھەمكارلىق مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭىيىپ بارىدۇ. مىللىي تىل - يېزىقنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىق رولىمۇ يېڭى خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. مىللىي تىل - يېزىقنىڭ تەسىر دائىرىسى ئادەتتە مىللىي ئىگىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. ئىقتىساد قانچە تەرەققىي قىلسا، تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ شۇنچە كەڭ، قوللىنىلىشىمۇ شۇنچە ئومۇمىي بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىمۇ ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ سەۋىيىسىگە ھەمدە تىل - يېزىق ئىگىلىرىنىڭ نوپۇس سانى، ئولتۇراق رايونى، مىللىي تىل - يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىمۇ نىسبەتەن «تار» بولىدۇ. يەنى، مىللىي رايون دائىرىسىدىن ھالقىغان، ناھايىتى كەڭ ۋە ھەممە تەرەپكە تەڭ ئېچىۋېتىلگەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممە ھاجەتلىرىدىن تولۇق چىقالىشى قىيىن.

2) بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشتىكى تىل - يېزىق «قولايسىزلىقى». سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تولۇق ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىك بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تارماق، ھەر بىر ھالقىلىرىدىكى كىچىك «دائىرە» ۋە «قانال» لەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەممىنى بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ بازارغا كىرگۈزۈشنى، شۇ ئاساستا دۇنياۋى بازارغا يۈزلىنىشنى نىشان قىلىدۇ. شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن دۆلەت زېمىنىنىڭ 1/6 نگە تەڭ كېلىدۇ. شىنجاڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان رايون. شىنجاڭنىڭ يەر شەكلىمۇ ئۆزگىچە، ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى (ئالتاي، تەڭرى ۋە كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى) ئىككى چوڭ ئويمانلىقنى (جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى) ئوراپ تۇرىدۇ. غەربتىن شەرققە سوزۇلغان تەڭرى تاغ تىزمىسى شىنجاڭنى قاپ بەلدىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلارغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئويمانلىق بىلەن تاغلىق، بوستانلىق بىلەن قۇملۇق ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى قۇملۇقنىڭ كۆلىمى پۈتۈن كۆلەمنىڭ تەخمىنەن 25% نى تەشكىل قىلىدۇ. روشەنكى، شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت لىنىيىسى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇچۇر - ئالاقە ئىشلىرى تولىمۇ قىيىن. بۇ ھال بىكىنمىچىلىك بىلەن ئېچىۋېتىش ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر «قولايسىزلىق»تىن ئىبارەت.

شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، مانجۇ، داغۇر، تاتار ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. يۇقىرىقى ئاساسلىق 13 مىللەت ئىچىدە خۇيزۇلار بىلەن مانجۇلار خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئورتاق قوللىنىدۇ، قالغان 10 مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئورتاق تىلى بار (ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە، رۇسچە 6 خىل يېزىق ئىشلىتىدۇ). مۇشۇنداق كۆپ خىل تىل - يېزىق مەدەنىيىتى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوبيېكتىپ ئەھۋال، ئادەملەرنىڭ ئوي - پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا، خۇسۇسەن بازار ئىگىلىكىگە ئائىت ئۇچۇر - سىگناللارنى ۋاقتىدا ئىگىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ شىنجاڭ رايونىنى بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ بازار سىستېمىسىغا تولۇق كىرگۈزۈشكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ مول يەر ئۇستى، يەر ئاستى بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئېچىۋېتىش يولى ئارقىلىق چوڭ بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، مىللىي ئىقتىسادنىڭ تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا تېزراق خاتىمە بېرىشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. قىسقىسى، بۇنداق ئوبيېكتىپ ھالەت ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشكە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

3) ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ قويۇق ئارىلىشىشى ۋە تىل-يېزىقنىڭ ئۆز ئارا «ئۇچرىشىشى». ئى. ۋ. ستالىن ئېيتقىنىدەك: «تىل - ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، جەمئىيەتتىن تاشقىرى تىل يوق». ⑧ مىللىي ئورتاق تىل (تىلنى خاتىرىلىگۈچى بەلگىلەر سىستېمىسى يېزىق) ـ مىللەتنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى، مىللىي ئورتاق تىل - مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بايلىقى. مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ جىڭخۇا 1991 - يىلى دېكابىردا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى يىغىنىغا بەرگەن مۇھىم دوكلاتىدا" «تىل - ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالاقە قورالى. مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىلىغا پەۋقۇلئاددە مۇھەببەت ئورناتقان، ئۇلار ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىغا بولغان ھۆرمەت ۋە كەمسىتىشنى ھامان ئۆز مىللىتىگە بولغان ھۆرمەت ۋە كەمسىتىش دەپ قارايدۇ.» ⑨ دەپ تەكىتلىگەن. اچېن سۇگسېن ئەپەندى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئورتاق ئولتۇراق رايون بىلەن ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش شەكلى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدە زۆرۈر ئالدىنقى شەرت. ئەمما ئورتاق تىل ۋە ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شارائىتتىلا مىللەتنىڭ ئىچكى ئويۇشچانلىقى (مىللىي ھېسسىيات، مىللىي ئۆزگىچىلىكى)، يەنى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىق خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ.» (10) روشەنكى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا مىللىي تىل - يېزىق ئىگىلىرىنىڭ پسىخىك ھېسسىياتى بىلەن يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ تۇرىدۇ، يەنى مىللىي تىل-يېزىق ناھايىتى سەزگۈر مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى

بىلەن نەگلا، ئىلىمىزدە تارىختىن قېپ قالغان تىل - يېزىقتىكى باراۋەرسىزلىك، مىللىي كەمسىتىش قاتارلىق ئەكسىيەتچىلىككە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلدى. لېكىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن ئىدىيىۋى ھەرىكىتىدە بۇرۇلۇش بولىدۇ؛ ئىلگىرىكى ئالاقە، مۇناسىۋەت شەكىللىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى باردى - كەلدى كۆنسېرى قويۇقلىشىدۇ، مۇرەككەپلىشىدۇ. ھەر خىل تىل - يېزىقلار ئۆز ئارا ئۇچرىشىدۇ، بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ، ھەتتاكى ئۆز ئارا «سۈركىلىش» پەيدا قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ مۇشۇ جەمئىيەتتىكى پسخىك كەيپىياتى، نازۇك كۆڭلىمۇ پات - پات نامايان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈپ، ئېچىۋېتىلگەن مىللىي مەدەنىيەت ئېڭىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللەتلەر تىل-يېزىق باراۋەرلىكى توۋپ پرىنسىپىدا ئېغىشماي قەتئىي چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىشلىتىش، راۋاجلاندۇرۇش، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق بىر قاتار توغرا سىياسەت - فاڭجېنلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. بۇلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى داۋامىدا زادى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم نۇقتا. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ 53 - ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، پەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، كوممۇنىستىك تەربىيە ۋە مىللىي سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا بىر - بىرىگە ئىشىنىش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر - بىرىنىڭ تىل-يېزىق، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بىرلىكتە قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.»(11) بۇ نۇقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ۋە ناھايىتى زۆرۈر. بۇنى ھەم ئېغىشماي داۋاملىق ئىجرا قىلىش لازىم.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى باسقۇچى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچ ھەم ئۆز ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئالغا باسىدىغان باسقۇچ، ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر تەبىئىي رەۋىشتە بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ قاينامغا چۈشۈپ ئاۋالانماقتا. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، ئىلىم - پەن، مەدەنىي - مائارىپ قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇقەررەر ھالدا مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ مىللىي تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشىگە، جۈملىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.

---

②①جياڭ زېمىن: «14 - قۇرۇلتاي دوكلاتىنى شەرھلەش ئوقۇشلۇقى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى، 32 - 34-بەتلەر).

③«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 94 - يىل نەشرى، 31 - بەت.

④«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى؛ 83 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 236 - بەت.

⑤ «شىنجاڭنىڭ 40 يىلى»، جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 407 - ، 416 - بەتلەر.

⑥ «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 20 - توم، 396 - بەت.

⑦(10) چېن سۇڭسېن «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە»، بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 63 - بەت.

⑧ ئى. ۋ. ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1974 - يىل نەشرى، 29 - بەت.

⑨ ۋۇجىڭخۇا: «مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1992 - يىل 4 - سان 4- بەت.

(11) «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 24 - بەت.

# شىنجاڭدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئارسلان ئەھمەد زىيائى، ئابدۇغېنى مۇھەممەتئىمىن

ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى ئىلمىي نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسىي شەرتى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ سۈرئىتى، كۆلىمى قاتارلىقلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرى كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نورماللىقى ۋە راۋاجلىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بېكىتىشتە، ئۆز جايىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھالىتى ۋە قانۇنىيەتلىرىگە ماس كېلىدىغان ئۈنۈملۈك ئېشىش شەكلىنى تاللاش ۋە قوللىنىش، نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلە يەنىلا ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەسىلىسىدۇر. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى ئاساسىي ۋە ئاخىرقى مەقسىتىمىز، يەنىلا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىرەر دۆلەت ياكى رايوننىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ مۇقەررەر ھالدا بازاردىكى تەمىنلەش ـ تەلەپ مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، خەلقئارا ئىقتىساد قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاشلا ئوبيېكتىپ ھالدا يۇقارقى ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بازار ئەھۋالى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، خەلقئارا ئىقتىساد قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنىڭمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى كونكرېت ھالدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا: ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش شەكلىدىن يەنى تەجرىبىگە تايىنىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىدىن ئىلمىي ئاساستا ئىگىلىك باشقۇرۇش، زامانىۋى ئۇسۇلدا ئىگىلىك باشقۇرۇشقا يەنى تۈجۈپىلەنگەن باشقۇرۇش شەكلىگە ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا تاشقى ئامىلنى ئاساس قىلىشتىن ئىچكى ئامىلنى ئاساس قىلغان كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە بۇرۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ. سۈرئەت بىلەن ئۈنۈم مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، سۈرئەت تىپلىق ئېشىش شەكلىدىن ئۈنۈم تىپلىق ئېشىش شەكلىگە ئۆتۈش، سانىنى قوغلىشىش تىپلىق ئېشىش شەكلىدىن سۈپىتىنى قوغلىشىش تىپلىق ئېشىش شەكلىگە ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى مۇناسىۋىتىدە ئەمگەك تۈجۈپىلىكىنى ئاساس قىلىشتىن تېخنىكا ۋە بىلىم تۈجۈپىلىكىنى ئاساس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ ۋە باشقىلار.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى جەھەتتە ئەنئەنىۋى باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ـ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىش ئاساسىدا چىقارغان مۇھىم تەدبىرى، شۇنداقلا يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي خىزمەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يېتەكچى فاڭجېن. شۇڭا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش بۈگۈندىن كېيىنكى ئومۇمىيلىققا چېتىلىدىغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالغا سىلجىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئالامىتى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن كېيىنكى قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، تېز سۈرئەتتە ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش كۆلىمى، سۈرئىتى قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. دەرۋەقە بۇنى تۈرلۈك مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولسىمۇ، ئەمما مۇھىمى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنىڭ يەنىلا كونا قېلىپتا تۇرۇۋاتقانلىقى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە دىگەندەك ماسلىشالمايۋاتقانلىقىدىن كۆرۈلۈشكە بولىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك ئېشىش شەكلىنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ئەھۋالىنى قىسقىچە ئانالىز قىلىش ئاساسىدا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش، شۇنداقلا بۇ ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۈنۈملۈك ئېشىش شەكلىنى قوللىنىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

90 ـ يىللاردىن بۇيان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىدا تېز سۈرئەتتە ئېشىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى 25 مىليارت 188 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1995 ـ يىلدىكى 88 مىليارت يۈەنگە يېتىپ، سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلىغاندا بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.5% ئېشىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 213ھەسسە قاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.4%، 2 ـ كەسىپ 14.9%، 3 ـ كەسىپ 15.5% ئاشتى. ئىمپورت-ئېكسپورت سوممىسى 1990 ـ يىلدىكى 411 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 1 مىليارت 428 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 2.5 ھەسسە قاتلاندى. 1-، 2-، 3-كەسىپلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، ئىگىلىگەن نىسبىتى 90 ـ يىلدىكى 29.[illegible]؛ 33.1؛ 37.6 بولۇشتىن 95 ـ يىلدىكى 32.6: 39.3: 28.1 بولۇشقا تەڭشەلدى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 90 ـ يىلدىكى 6 مىليون 768 مىڭ 900 توننىدىن ئېشىپ 7 مىليون 300 مىڭ توننىغا يەتتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 90 ـ يىلدىكى 468 مىڭ 800 توننىدىن 925 مىڭ توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا بازىسىغا ئايلاندى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 90 ـ يىلدىكى 10 مىليارت 430 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1995 ـ يىلدىكى 25 مىليارت 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.4% ئاشتى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 90 ـ يىلدىكى 1335.88 يۈەندىن 3824.4 يۈەنگە يېتىپ، ئەمەلىيەتتە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.9% ئاشتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 90 ـ يىلدىكى 683.47 يۈەندىن 1136 يۈەنگە يېتىپ، ئەمەلىيەتتە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.6% ئاشتى. دۆلەت بېكىتكەن نامرات ناھىيىلەردىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 750 يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 108 يۈەن ئاشتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە 150 مىڭغا يەتتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مۇئاشى 5152 يۈەنگە يېتىپ 21% ئاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 96 ـ يىللىق دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۆتكەن يىلدىكى تېز سۈرئەتتە ئېشىشنى ئاساس قىلغان ھالدا داۋاملىق يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش شەكلىدە تۇرغانلىقى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى داۋاملىق 11% ئەتراپىدا بولۇشى، تېخىمۇ تىرىشىش ئارقىلىق 12% يەتكۈزۈش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. 11% ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قېلىپ 12% ئېشىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا 1 ـ كەسىپنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى 5% ئەتراپىدا، 2 ـ كەسىپنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى 15% ئەتراپىدا، 3 ـ كەسىپنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى 13% ئەتراپىدا قولغا كەلتۈرۈش پىلانلانماقتا.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدا ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 10.5% قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 9.5% دىن يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەدبىر. چۈنكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى مەملىكەت ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى قىلغاندا ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى تەدرىجىي يوسۇندا ئازايتقىلى بولىدۇ.

رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا تېزلىكنىڭ شەرتلىك بولۇشىغا يەنى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا، تېزلىكنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا يەنى ئۆز ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، مادارىغا قاراپ ئىش قىلىش، ئومۇمىيلاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. نۆۋەتتە رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى قىيىن نۇقتا سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلىكى

1) ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن باسقۇچى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىي ئاجىز. بۇرۇن زامانىۋى چوڭ تىپتىكى كارخانىلار يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا زور مىقداردىكى مەبلەغ، ماددىي ئەشيا، ئەمگەك سېلىنمىغا تايىنىپ يېڭى قۇرۇلۇش تۈرىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق سانائەتلەشىشكە ئاساس سېلىنغان ئىدى. ئىقتىسادىي كۆلەمنىڭ زورىيىشىغا، بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ رىقابەت كەسكىنلەشتى. بۇنداق ئەھۋالدا زور مىقداردا بايلىق سەرپىياتىغا تايىنىپ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ۋە رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش بىر قەدەر قىيىن بولۇپ قالدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە تەشنا بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا نۆۋەتتە 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشمۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى يەنى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى يىرىك باشقۇرۇش شەكلىدىن توجۇپلەنگەن باشقۇرۇش شەكلىگە ئۆتۈشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا.

2) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارمىقى بولغان يېزا - ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك تاللاش بولۇپ قالدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر مەيدانى چوڭ بولغىنى بىلەن ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئۈنۈملۈك يەر كىشى بېشىغا ئارانلا 1.6 مودىن توغرا كېلىدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى تېرىلغۇ يەرنىڭ قىس بولۇش ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرمەكتە. شۇڭا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، زور مىقداردىكى ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچكە تايىنىشتىن تېخنىكىغا تايىنىپ، ئاز مەبلەغ بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى قوغلىشىش - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىراق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا ئىنتايىن مۇھىم تاللاش، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، تۆۋەن سەرپىياتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش يولىغا مېڭىش رايونىمىزنىڭ ھازىرقى يېزا - ئىگىلىك ئەھۋالىدىكى قىلچىمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ۋەزىپىدۇر.

3) خەلقئارا ئىقتىسادقا، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ئىقتىسادىي رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش تېخىمۇ زۆرۈر. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ دۆلەت بىلەن خوشنا بولۇش ئەۋزەللىكى بىلەن بۇندىن كېيىن سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. شۇڭا خەلقئارا سودا، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلە قاتارلىقلارنى داۋاملىق تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رايونىمىز مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئارا بازارغا كىرگۈزۈش، خەلقئارا ئىلغار تېخنىكىلارنى رايونىمىزغا كىرگۈزۈپ، كۈندىن كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان ئىقتىساد ۋە تېخنىكا رىقابەتلىرىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن رايونىمىز تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرى

1) قۇرۇلۇش كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىشكە تايىنىشتىن ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى

قېزىش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى كېڭەيتىش لازىم.

يىرىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولسا ئاساسەن يېڭى كارخانىلارنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشكە تايىنىپ، سانلىق مىقدارنىڭ ئېشىشى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتلىك ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش شەكلى ئاساسەن يىرىك باشقۇرۇش تىپلىق ئېشىش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا مۇنداق 2 تۈرلۈك مەسىلىنى پەيدا قىلدى.

بىرىنچىدىن، زور مىقداردىكى قۇرۇلۇش مەبلىغى يېڭى قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى بەك چوڭ، قارىغۇلارچە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، زۆرۈرىيەتسىز تەكرار قۇرۇلۇشلارنىڭ سالمىقى بىر قەدەر چوڭ، قۇرۇلۇش لىنىيىلىرى ئۇزۇن ھەم تارقاق بولىۋاتىدۇ. زور مىقداردىكى مەبلەغنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۈنۈم بېرىشى تەس بولغانلىقتىن زور مىقداردىكى مەبلەغ ئىگىلىنىپ، قىممەتلىك بايلىقلار ئىسراپ بولىۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، كۆپ سانلىق بۇرۇن بار كارخانىلارنىڭ مەبلىغى كەمچىل، تېخنىكا سەۋىيىسى قالاق، ئۈسكۈنىلەر كونا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇزۇلغانلىرىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىۋەرگەنلىكتىن مەھسۇلات سۈپىتى ناچار، ماددىي بۇيۇملارنىڭ خورىشى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرى ھالسىراپ قېلىپ، بازار رىقابىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېغىر ھالدا ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە مۇۋاپىق مىقداردا مەبلەغ سېلىپ، كارخانىلاردا تېخنىكا يېڭىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىرىش كېرەك. مانا بۇ نۆۋەتتە بىزنىڭ چوقۇم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يېڭى تۈرلەر بىلەن ھازىر بارلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، بۇندىن كېيىن كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئالدى بىلەن ھازىر بار كارخانىلاردىكى تېخنىكا يېڭىلاشنى چىڭ تۇتۇپ، مۇقىم مۈلۈكنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، ئومۇمەن كونا كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان ئىچكى ئامىللىق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئېغىشماي داۋاملاشتۇرۇش، كارخانىلارنى يېڭىدىن قۇرۇشقا قارىغاندا مەبلەغنى تېجەش، سەرپىياتنى ئازايتىش، تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىش قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

2) مەھسۇلاتلارنىڭ سانىنى ۋە ئېشىش سۈرئىتىنى قوغلىشىشتىن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە تۈرىنى قوغلىشىشقا ئۆتۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. يىرىك باشقۇرۇش تىپلىق ئىقتى ادنىڭ ئېشىش شەكلى ئومۇمىي مىقدارنى ۋە ئېشىش سۈرئىتىنى قوغلىشىپ، سانغا ئېتىبار بېرىپ، سۈپەت بىلەن تۈرگە سەل قارايدىغانلىقتىن سەرپىيات كۆپ، ئىسراپچىلىق ئېغىر بولىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بېرى گەرچە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئانچە تۆۋەن بولمىسىمۇ، لېكىن مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى بولۇپمۇ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 90 ـ يىلدىن 94 ـ يىلغىچە مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 35.11% ئاشقان بولسىمۇ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 90 ـ يىلدىن 94 ـ يىلغىچە 12.5% ئاشتى. لېكىن بۇ نەتىجىلەر ئاسانلا ئەمەس بەلكى بەدەل تۆلەش ھېسابىغا قولغا كەلدى. شۇڭا بۇندىن كېيىن چوقۇم ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، تۆۋەن سەرپىياتلىق، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادنىڭ ئېشىش يولىغا مېڭىش كېرەك.

مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پەقەت مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، سۈپىتىگە سەل قاراش خاھىشى زور مىقداردىكى بايلىقلارنىڭ ئىسراپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ، كۆپلىگەن كارخانىلارنى قىيىن شارائىتقا چۈشۈرۈپ قويىدى. نەتىجىدە بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى بېسىلىپ قېلىپ، مەبلەغنىڭ ئوبوروت سۈرئىتى ئاستىلاپ كەتتى. مەملىكەت بويىچە كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت سۈرئىتى ئوتتۇرىچە 171 كۈن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بولسا 250 كۈن بولىۋاتقانلىقى بۇ مەبلەغ ئوبوروتىنىڭ مەملىكەت ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن خېلى ئارقىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رايونىمىز كارخانىلىرىنىڭ ئىناۋەت ئېڭى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس. بەزى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى باشتا كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. بەلگىلىك ئىناۋەت تىكلەنگەندىن كېيىن، باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ،

مەھسۇلات سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ ـ دە، ئىناۋەت چۈشۈپ مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ. شۇڭا بۇندىن كېيىن كارخانا ياكى باشقۇرۇش تارماقلىرى بولسۇن مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت مەسىلىسىگە قاتتىق دىققەت قىلىپ، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئارقىلىق ئۆزىنى مۇددەتلىك بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كېرەك.

3) مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچىنى كۆپەيتىشكە تايىنىشنى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تايىنىشقا ئۆزگەرتىش كېرەك. يىرىك شەكىللىك ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سېلىنمىسىغا ئېتىبار بېرىپ، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنىغا سەل قارايدۇ. ئەمگەك سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەكچىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى رولىغا سەل قارايدۇ. بۇ خىل ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى قوللىنىش تېخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىقنى، باشقۇرۇشنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى، ئەمگەكچىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ سۈپىتىنىڭ ۋە ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، تاۋارلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلىسى بولغان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز، تېز سۈرئەتلىك، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل، پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش تولىمۇ زۆرۈر:

بىرىنچىدىن، پەن ـ تېخنىكىغا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلغان رايونلىرىدىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ناھايىتى يۇقىرى بولماقتا، شۇڭا بۇ دۆلەت ۋە رايونلار پەن ـ تېخنىكىغا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇشقا خېلىلا ئېتىبار بېرىپ كەلدى.

نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلغان رايونلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا سالغان سېلىنمىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭكىدىن خېلى زور بولماقتا. بۇ خىل ۋەزىيەت بىزگە پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا نەقەدەر چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرماقتا. شۇڭا دۆلەت مالىيىسىدىن پەن ـ تېخنىكا ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلدىن باشقا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە كارخانىلارمۇ پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق كارخانىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك. چۈنكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ئوتتۇرا تىپلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا كۈچى زور، خادىملارنىڭ ساپاسى يۇقىرى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئوڭاي، شۇنداقلا نەتىجىلەرنى ئوڭايلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇپ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدۇ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى پەن ـ تېخنىكا يولىغا بۇرىيالىغاندا ئاندىن زور مىقداردىكى مەبلەغنى تېجەپ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە زور بىر تۈركۈم ئىقتىسادلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا داۋاملىق تۈردە مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مائارىپ سېلىنمىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئەمگەكچىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنى دۆلەتنى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانى سۈپىتىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويغاندىلا ئاندىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز، تېز سۈرئەتتە، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشتە ئەمەلىي تەرەققىياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# شىنجاڭدىكى ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى

قۇربانجان باقى

ئۈچىنچى كەسىپنىڭ راۋاجلىنىشى ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىش باسقۇچىغا قاراپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدۇ ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ مۇۋاپىق قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى. «9-بەش يىللىق پىلان» ۋە كېلەركى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مەزگىلى بولۇپ، ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئۈچىنچى كەسىپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى ھەمدە خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى، بولۇپمۇ ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ، بولۇپمۇ پۇل-مۇئامىلە، سودا، بىلىم ئۇچۇرى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى نۆۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئۈچىنچىكەسىپنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىللىگەن نىسبىتى 60% دىن يۇقىرى بولدى. بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە 40%—30% ئەتراپىدا بولدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۈچىنچىكەسىپ شۇنچە راۋاجلانغان بولىدۇ. بۇ ئىككىسى ئۆز ئارا تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئامېرىكا، فرانسىيە، دانىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان GNP 10 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ. مۇلازىمەت قىلىدىغان نوپۇس 60% دىن يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. گرېتسىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە GNP 4000 دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، مۇلازىمەت قىلىدىغان نوپۇس 40% ئەتراپىدا نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننىڭ بەلگىلىنىشى ۋە ئۈچىنچىكەسىپنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، «ئۈچىنچى كە-سىپ»دىن ئىبارەت بۇ سۆز مەيلى كىتابتا ياكى ئېغىزدا بولسۇن، بارغانسېرى تارقىلىپ يۈرۈۋاتقان بىر مودا سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن ئۈچىنچى كەسىپ نەزەرىيىسىگە نىسبەتەن تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچى كەسىپتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمغا نىسبەتەن چۈشەنچىسى ئېنىق ئەمەس. ئۇنداقتا ئۈچىنچى كەسىپ قايسى كەسىپلەرنى كۆرسىتىدۇ؟ چەت ئەل ئىقتىسادشۇناسلىرى كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، مەھسۇلاتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بارلىق كەسىپ تارماقلىرىنى بىرىنچى كەسىپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كەسىپ دەپ ئايرىغان. بىرىنچى كەسىپ ۋە ئىككىنچى كەسىپ ئەڭ بالدۇر يەنى 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىكى ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىدە كەڭ تارقالغان. 1935-يىلى ئەنگىلىيىلىك ئىقتىسادشۇناس، يېڭى زېلاندىيە ئاۋتاگ ئونىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئا.گ.فىيشىر (A. G. B. Fisher) ئۆزىنىڭ «بىخەتەرلىك ۋە ئىلگىرىلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» دېگەن كىتابىدا ئالدى بىلەن «ئۈچىنچى كەسىپ»دىن ئىبارەت بۇ سۆزنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1940-يىلى ئەنگىلىيىلىك ئىقتىسادشۇناس كېلىن.كىراك ئۆزىنىڭ «ئىقتىساد تەرەققىي قىلىشنىڭ شارائىتى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمالغا يېقىن بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپ دەپ ئۈچ خىل كەسىپكە ئايرىپ چىقتى. ئادەتتە بىرىنچى كەسىپ يېزا-ئىگىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوۋچىلىق كەسپى، چارۋىچىلىق كەسپى،

تېرىقچىلىق كەسپى، ئورمانچىلىق كەسپى قاتارلىق كەسپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كەسپنىڭ ئالاھىدىلىكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددىلارغا نىسبەتەن ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ئېلىپ بارىدۇ، ھەمدە دەسلەپكى كەسپنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىككىنچى كەسپ پىششىقلاش كەسپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تېخى پىششىقلانمىغان تەبىئىي بايلىقلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشمايدۇ، بەلكى ئاساسلىقى بىرىنچى كەسپتىكى مەھسۇلاتلارغا نىسبەتەن پىششىقلاش ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن: ياسالغۇ كەسپى، بىناكارلىق كەسپى، سۇچىلىق ۋە توك كۈچى قاتارلىقلار. ئۈچىنچى كەسپ بولسا كەڭ مەنىدىكى مۇلازىمەت كەسپىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە بىناكارلىق كەسپىدىن باشقا بارلىق كەسپلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۈچىنچى كەسپنىڭ ئالاھىدىلىكى تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ئارىلىقى ئەڭ يىراق، ئىستېمالچىلار بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يېقىن. ئۈچ خىل كەسپنىڭ ئايرىلىشى ۋە ئۈچىنچى كەسپ ئۇقۇمى، كەسپ قۇرۇلمىسى تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ھەم ئوبيېكتىپ تەلىپىدۇر. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، گەرچە ئۈچىنچى كەسپ ئۇقۇمى يېقىنقى زامان غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت كاپىتالىزمنىڭ مەھسۇلاتىلا ئەمەس، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئەزەلدىنلا كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان. شۇڭا ئۈچىنچى كەسپ تەبىئىي ھالدا سوتسىيالىستىك خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىز ئىقتىسادى قۇرۇلۇشىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۈچىنچى كەسپنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئەلالىشىشى ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ روشەن يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۈچىنچى كەسپ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خەلق ئىگىلىكى كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەرتىپى «ئىككىنچى، بىرىنچى، ئۈچىنچى» دىن «ئىككىنچى، ئۈچىنچى، بىرىنچى كەسپ»كە ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئۈچىنچى كەسپ، ئىككىنچى كەسپ، بىرىنچى كەسپ»گە ئۆزگەردى. (2) مىللىي دارامەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان كەسپلەردىكى تەقسىملىنىش نىسبىتى پەيدىن پەي بىرىنچى كەسپ ۋە ئىككىنچى كەسپىدىن ئۈچىنچى كەسپكە قاراپ ئۆزگەردى. (3) ئۈچىنچى كەسپ تەمىنلىگەن مالىيە كىرىمى مالىيە كىرىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى زور سالماقنى تەشكىل قىلدى. ئېلىمىزدە ئۈچىنچى كەسپ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇنداق: 1986-يىلى %25.1نى، 1987-يىلى %25.2نى، 1988-يىلى %26نى، 1989-يىلى %28.1نى، 1990-يىلى بولسا %28نى ئىگىلىدى. سودا، قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق كەسپلەرنىڭ تەمىنلىگەن مالىيە كىرىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇنداق: 1986-يىلى %20.1نى، 1987-يىلى %20.6نى، 1988-يىلى %22.9نى،1989-يىلى %24.6نى، 1990-يىلى %28.9نى ئىگىلىدى. لېكىن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئېلىمىزنىڭ ئۈچىنچى كەسپ تەرەققىيات ئەھۋالى يەنىلا ئارقىدا، خەلقئارادا يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ ئۈچىنچى كەسپ تەرەققىيات ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئۈچىنچى كەسپ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى؛ يەنە بىرى، ئۈچىنچى كەسپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانىنىڭ ئومۇمىي ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىدۇر.

**رايونىمىز يەنى شىنجاڭنىڭ ئۈچىنچى كەسپ تەرەققىيات ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:**

(1) تاش يول ترانسپورتى.

«8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، رايونىمىزنىڭ تاش يول ئاساسى قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى بىر مىليارد 929 مىليون يۈەن بولۇپ، 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، رايونىمىز تاش يول ئومۇمىي مۇساپىسى 30 مىڭ 300 كىلومېتىرغا يەتتى ۋە 1990-يىلغا قارىغاندا %19.3 كۆپەيدى. مۆلچەرلەرگە قارىغاندا «8-بەش يىللىق پىلان»نىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پۈتۈن جەمئىيەت ئىشلىتىدىغان ماشىنا سانى 280 مىڭغا يېتىپ، 1990-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 150 مىڭ دانە ماشىنا كۆپەيگەن. تاش يولدا مال يۆتكەش ئوبوروت مىقدارى 15 مىليارد 520 مىليون توننا كىلومېتىر ئورۇندالغان. يولۇچىلارنى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 16 مىليارد 50 كىلومېتىر بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1990-يىلغا سېلىشتۇرغاندا %43.6 ۋە 1.9 ھەسسە ئاشقان. ترانسپورت قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مال توشۇش چوڭ تىپلىق، چوڭ تونىلىق ۋە ئېغىر تىپلىق ماشىنىلارغا قاراپ يۈزلەندى. «8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، يەككە، كوللېكتىپ قاتارلىق غەيرى

كەسپىي ترانسپورت تارماقلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، رايونىمىز ترانسپورت بازارلىرىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى.

(2) تۆمۈر يول ترانسپورتى.

بەش يىللىق ئومۇمىي ئورۇندالغان مال تارقىتىش مىقدارى 103 مىليون 100 مىڭ تونناغا يەتتى. بۇ «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا (24 مىليون 75 مىڭ توننا) 34.3% يۇقىرى. يولۇچى توشۇش تارقىتىش مىقدارى 25 مىليون 166 مىڭغا يېتىپ، «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا (19 مىليون 540 مىڭ ئادەم) 28.8% كۆپەيگەن. تۆمۈر يول ترانسپورتى «8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. «8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە تۆمۈر يول ترانسپورتى ئارقىلىق شىنجاڭدىن چىقىرىلغان خام ئەشيا 64 مىليون 933 مىڭ تونناغا يېتىپ، «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 40.5% ئاشقان. خام نېفىتنى سىرتقا يۆتكەش تۈرى «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىگە قارىغاندا 61.5% كۆپەيگەن.

(3) پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرى.

ئۇنىۋېرسال تېلېگراف ئىقتىدارى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. پوچتا-تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنما جۇغلانمىسى ئىككى مىليارد 421 مىليونغا يېتىپ، «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 8.4 ھەسسە كۆپەيدى. بەش يىلدىن بۇيان قۇرۇلغان 13 ئوبلاست ۋە شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان سانلىق تۆۋەن دولقۇنلۇق توك يولى 2610 دانىگە يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپ سانلىق رايونلىرىدا ئۇزۇن يوللۇق ئالاقە يولى جىددىي ۋە قىس بولۇشتەك ئەھۋالنى زور دەرىجىدە يېنىكلەتتى ۋە ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون تورىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. ھەرقايسى مىللەت ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، 1995-يىلى 4-ئايدا ئۈرۈمچى-غۇلجا نۇر كابېل قۇرۇلۇش غەلىبىلىك پۈتۈپ، ئاسىيا-ياۋروپا نۇر كابېلىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى بۆلىكى تۇتاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. شىنجاڭدىكى نۇر كابېل ئومۇمىي لىنىيەسى 4300 كىلومېتىرغا، سانلىق تۆۋەن دولقۇنلۇق لىنىيە 3514 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. پوچتا ئالاقە ئىقتىدارى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيدى. پوچتا ئالاقىلىشىش تورى، تېخنىكا ئۈسكۈنە سەۋىيىسى تېز سۈرئەت بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پوچتا-تېلېگراف كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاشتى. بەش يىلدىن بۇيان، پوچتا-تېلېگراف مۇلازىمەت كىرىم جۇغلانمىسى ئىككى مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىدىن 4.9 ھەسسە كۆپەيگەن. پوچتا-تېلېگراف كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلۈك قىممىتى تۆت مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىدىن 7.8 ھەسسە ئاشقان. يىللىق ئېشىش 51% بولغان.

(4) ساياھەتچىلىك ئىشلىرى.

چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش زور دەرىجىدە ئاشتى. «8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي كۈتۈۋالغان ساياھەتچىلەر سانى 980 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىگە قارىغاندا 1.7 ھەسسە ئاشتى. ساياھەت ئورگانلىرى قەدەممۇ-قەدەم مۇكەممەللەشتى، ساياھەت ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 1990-يىلى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاران 21 ساياھەتچىلەر جەمئىيىتى بار ئىدى، 1995-يىلغا كەلگەندە، تەرەققىي قىلىپ 81 گە يەتتى.

(5) مائارىپ ئىشلىرى.

«8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، رايونىمىزدا بار بولغان ئالىي مەكتەپلەر 21 بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى 1990-يىلدىكى سەككىز مىڭدىن 1995-يىلى 12100 ئادەمگە كۆپەيدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار كۆلىمى 31 مىڭدىن 44 مىڭ 400 ئادەمگە كېڭەيدى. بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ئاسپىرانت 451 ئادەم بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 58ى بار. 1995-يىلى، پۈتۈن رايونىمىزدا، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىن 115ى بار بولۇپ، 1990-يىلغا قارىغاندا ئۈچى كۆپەيگەن. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 300 بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، 1990-يىلدىكىگە قارىغاندا 11 مىڭ 900 ئادەم ۋە بەش مىڭ 700 ئادەم كۆپەيگەن. مەكتەپتە بار بولغان ئوقۇغۇچى كۆلىمى 68 مىڭ 600 ئادەمگە يەتكەن. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن 554 بولۇپ،

1990-يىلغا قارىغاندا 212ى ئازلاپ كەتكەن. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى 1990-يىلدىكى 84 مىڭ 600 ئادەمدىن 1995-يىلى 58 مىڭ 200 ئادەمگە كېمەيگەن. 1995-يىلى مەكتەپتە بار بولغان ئوقۇغۇچى كۆلىمى 141 مىڭ 300 ئادەم بولۇپ، 1990-يىلدىكىدىن 109 مىڭ 700 ئادەم ئازلاپ كەتكەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 10% تۆۋەنلىگەن.

(6) سودا.

رايونىمىزدىكى تاۋار بازىرى، ئامىللار بازىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردىكى كوللېكتىپ سودا بازىرى 1990-يىلدىكى 1004دىن تەرەققىي قىلىپ 1995-يىلغا بارغاندا 1240گە يەتتى. كوللېكتىپ سودا بازارلىرىنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى 35.2%لىك سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى. دۆلەت ئىلكىدىكى سودىنىڭ سودا پارچە سېتىش سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1990-يىلدىكى 62.7% دىن 1995-يىلى 46.3%گە چۈشۈپ قالغان. كېيىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت يەككە، تور نۇقتىلىرى تولۇق بولمىغان، ئوبوروت راۋان بولمىغان بۇ خىل قالاق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. پۇل-مۇئامىلە، ئەمگەك مۇلازىمىتى، تېخنىكا، ئۆي-زېمىن مۈلكى قاتارلىق ئامىللار بازىرى تېز تەرەققىي قىلدى. تاشقى سودا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بەش يىلدا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1990-يىلدىكى 0.36%دىن 0.51%گە كۆتۈرۈلدى.

(7) پەن-تېخنىكا.

پەن-تېخنىكا جەھەتتە رايونىمىز يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل پەن-تەتقىقات ئورگىنى 134 بولۇپ، 1990-يىلدىكىدىن 12.6% كۆپەيگەن. ئۈچقۇن پەن-تەتقىقات نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

**شىنجاڭنىڭ ئۈچىنچى كەسىپ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۈچىنچى كەسىپ تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:**

**1. سەۋەبلىرى:**

(1) مەركەز ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ھەر تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمان قىلدى. (2) ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا نىسبەتەن مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرىگە نىسبەتەن بىر تۇتاش پىلانلاش ئېلىپ بارغان. (3) شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۈچىنچى كەسىپ ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى شۇنداقلا ئامىللار بازىرى، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز قۇرۇلۇشىنى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى تەلەپ قىلدۇ.

**2. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:**

«8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، رايونىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولۇشى ساياھەتچىلىك كەسپىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى، ساياھەت نۇقتىلىرى ۋە مۇلازىمەت، كۈتۈۋېلىش ئەسلىھەلىرى بەلگىلىك كۆلەمگە ئېرىشتى. بۇ گەرچە ساياھەتچىلىك كەسپىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك مەسىلىلەر مەۋجۇت.

(1) ساياھەت ئەسلىھەلىرى ۋە مەنزىرىلىك نۇقتىلار قۇرۇلۇشى.

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سالغان مەبلىغى ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن ماسلاشمايدۇ. بۇ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ داۋاملىق ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن توسالغۇ بولماقتا. ئاساسىي ئەسلىھەلەر نىسبىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنىلا نىسبەتەن ئارقىدا. مەنزىرىلىك نۇقتىلار ۋە مەنزىرىلىك رايونلارنى ئېچىش ئىقتىدارى ئاجىز. بايلىق مەنبەلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئىي ھالەتتە تۇرماقتا. تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ۋە ئېچىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى ساياھەت، مەنزىرىلىك نۇقتىلار ئاساسىي ئەسلىھەلىرى ناچار، تاشيول ۋە ئالاقىلىشىش شارائىتلىرى قولايلىق ئەمەس.

(2) مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس.

«8-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، پۈتۈن رايونىمىزدا ھەر تۈرلۈك ساياھەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى

تېز بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەكشۈرۈش جەريانىدا باشقۇرۇش قاتتىق بولماسلىق، مۇكەممەل بولماسلىق، تىجارەت نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە خېرىدارلارنى قاقتى-سوقتى قىلىشتەك ھادىسىلەر كۆرۈلگەن. بولۇپمۇ بەزى ھاقلاردىكى مۇلازىمەت سۈپىتى ياخشى ئەمەس. مەسىلەن: ساياھەت يول باشلىغۇچىسى، مېھمانخانا ۋە ياتاقلاردىكى خادىملارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت سەۋىيەسى يوق.

(3) سىرتقا قارىتا تەشۋىقات يېتەرلىك ئەمەس.

كۈچلۈك بولغان تەشۋىقات چارىسى كەمچىل. سىرتقا قارىتا تەشۋىقات خىزمىتى نۆۋەتتە ئەتراپتىكى بىرقانچە دۆلەتلەرگە ۋە شياڭ گاڭ رايونىغىلا قارىتىلغان.

سىياھەت تاۋارلىرىنى ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتى يېتەرلىك ئەمەس. خەلقئارا ساياھەتچىلىرى سېتىۋالىدىغان ساياھەت تاۋارلىرى، خاتىرە سۈپىتىدىكى مىللىي ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تېز ۋاقىتتا يالغۇزلىنىشقا ۋە بىكىلىنىشقا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتە، پۈتۈن رايونىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ۋە ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز بولمىغان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت. بىرى مائارىپ سېلىنمىسى يېتەرلىك ئەمەس، ئوقۇتۇش شارائىتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ناچار بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويماقتا. يەنە بىرى، مائارىپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى مۇۋاپىق ئەمەس، كۆلىمى نامۇۋاپىق، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن ۋە مائارىپ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، مائارىپنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيۋاتىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئوقۇتقۇچى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرى ئەمەس. تۆتىنچىدىن، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا قارىغاندا ئارقىدا قالغان، ئىقتىسادىي ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدا تەكشۈكسىزلىك مەۋجۇت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان مائارىپ سىستېمىسى تېخى شەكىللەنمىگەن. بەشىنچىدىن، مائارىپنى ئەلا ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى تولۇق ئەمەللىشىشكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ.

## ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەپەككۇر يولى ۋە نىشانى

1. ئۈچىنچى كەسىپكە بولغان يېڭى ئۈچىنچى كەسىپنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش.

ئۈچىنچى كەسىپ بولسا خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى كۈندىن كۈنگە مۇھىم بولماقتا. ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېتىدىغان مەبلەغ ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك مەركەزلەشكەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى نىسبەتەن يۇقىرى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، «سولچىل» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئۈچىنچى كەسىپ غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك، قىممەت يارىتالمايدىغان كەسىپ دەپ قارىلىپ كەلگەن. شۇڭا بۈندىن كېيىن ئۈچىنچى كەسىپكە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان، توغرا لىنىيەلىك بىرلىشىشنى ئاساس قىلغان، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولغان، نىسبەت مۇناسىۋىتى تەكشۈك بولغان، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئۈچىنچى كەسىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

2. ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كەسىپنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسى تېخى سانائەتلىشىشنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن. شۇڭا، 2000 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ھالەتتىكى تەدبىرى مۇنداق: بىرىنچى كەسىپنى مۇقىم قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، ئىككىنچى كەسىپنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش، ئۈچىنچى كەسىپنى ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇش. يەنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كەسىپنى ئاساس قىلىپ، ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۈچىنچى كەسىپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ تۇرۇپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كەسىپنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۈچ قېتىملىق كەسىپنى ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇش. ئۈچىنچى كەسىپنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەش خاتالىقتۇر، ئۈچىنچى كەسىپكە سەل قاراشمۇ خاتالىقتۇر.

3. ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ ئۈچىنچى كەسىپتىكى ئاساسى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئومۇمىيۈزلۈك بىرقەدەر ئارقىدا، بەزىلىرى تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرماقتا. تېخى ھەقىقىي بىر كەسىپ بولۇپ شەكىللەنمىگەن. ئۇزۇن مەزگىللىك نىشاندىن ئېلىپ ئېيتقاندا زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۈچىنچى كەسىپنى قەدەممۇ-قەدەم تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، ئۆي-زېمىن مۈلكى، مۇلازىمەت كەسىپى ۋە ئاممىۋى ئىشلار كەسىپى قاتارلىق يېڭى گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بولۇپمۇ قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف ئالاقىسى، تېخنىكا مائارىپى قاتارلىق ئومۇمىي دائىرىلىك، باشلامچى ۋە ئاساسى خاراكتېرلىك كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

## ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تەدبىرلەر

1. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەدبىرلەرگە ئاساسلانغاندا، قاتناش ۋە ئالاقە مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي مەبلەغدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

2. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى 2010-يىلغا بارغاندا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلاش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش. تۆمۈر يول قاتناش ئىشلىرىنى پۈتۈن رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات نىشانىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن 2000-يىلغا بارغاندا، تۆمۈر يول مال يۆتكەش مىقدارىنى 36 مىليون توننىغا، مال يۆتكەش ئوبوروت مىقدارىنى 31 مىليارد توننا كىلومېترغا؛ يولۇچى توشۇش مىقدارىنى توققۇز مىليونغا، يولۇچى توشۇش مىقدارىنى سەككىز مىليارد ئادەم كىلومېترغا يەتكۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆمۈر يولنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى بار بولغان تۆمۈر يولنى ئاساس قىلىپ، تۆمۈر يول يېڭى لىنىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە تېزلىك ئىچىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىينى تۇتاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول غول يولنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. «9-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ كورلىدىن قەشقەرگىچە بولغان 974 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى تۇتاشتۇرۇش جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا قەدەم قويۇشى ئۈچۈن ماددى ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىڭدىن غۇلجىغىچە، كۈيتۇندىن ئالتايغىچە بولغان تۆمۈر يولنى ياساش، 2005-يىلدىن ئىلگىرى پۈتۈن لىنىيەنى تۇتاشتۇرۇش، ئىلى رايونىنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ۋە ئالتاي رايونىنىڭ رەڭلىك مېتال كان بايلىقلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. قەشقەردىن قىرغىزىستانغىچە بولغان خەلقئارالىق تۆمۈر يولنى ياساش، كورلىدىن يامىرغىچە بولغان 670 كىلومېتىرلىق تۆمۈر يولنى ياساش شىنجاڭنىڭ خام ئەشيا ترانسپورتىنى يېڭى يول بىلەن تەمىنلەيدۇ.

3. تاشيول ترانسپورت ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاش كېرەك. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، چېگرا ئېغىزى ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ئۆتىدىغان تاش يوللارنى ئۆزگەرتىش، ناھىيەدىن تۆۋەن يېزا-چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تاش يول تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تاش يول قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا-چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۆتكەش. ھەممە يول يۈزىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ترانسپورت ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشى كېرەك.

4. ساياھەت كەسىپى يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە بولغان رايون مۇھىتى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە تارىخى ئۆزگىرىشلىرىدىن قارىغاندا، ساياھەتچىلىك كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش رايونىمىز ئۈچۈن پىرىۋوت ۋە كىرىم يارىتىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى. شۇڭا ساياھەتكە قارىتا ياخشى بولغان كۆزقاراشنى تىكلەپ، ئۇنىڭ يېتەكچى كەسىپلىك ئورنىنى بەلگىلىشىمىز كېرەك. مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مېھمانخانىلارنى كۆپرەك قۇرۇشىمىز كېرەك. ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئاساسى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

5. ئاساسى مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىر قىسىم تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرى دەرسلىرىنى تەسىس قىلىش، تېخنىكا مەكتەپلىرى نۇقتىلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مىللىي مائارىپنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەشنى مىللىي رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ مەزمۇنى قىلىش، مىللىي مائارىپ قۇرۇش كېرەك. ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە مائارىپ خىراجىتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك.

# ئىنتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

## 1

بىلىش شۇجى جياڭ زېمىن مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: «بىرىنچى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك.»①

مىللەت مەسىلىسى ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا باشتىن-ئاخىر چوڭ مەسىلە بولۇپ كەلدى. پارتىيىمىز مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىگە ئەزەلدىنلا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇھىملىقىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كەلدى. پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشتىكى بىر يۈرۈش فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈپ، مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى كۈچىيىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىندى.

شىنجاڭ — كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، 47 مىللەت تەركىبى بار، ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان چېگرا رايون. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر، مۇرەككەپ ۋە ناھايىتى مۇھىم. بىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسىنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم. مەيلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا بولسۇن، مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تولىمۇ خاراكتېرلىك مەسىلە. ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ھەرگىزمۇ كىچىك ئىش ئەمەسلىكىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىشى كېرەك. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىنتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، باراۋەرلىك، ئىنتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش — جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئاچقۇچى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىي شەرتى ۋە كاپالىتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى. مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى بولمايدىكەن، مۇقىملىق بولمايدۇ، مۇستەھكەم چېگرا مۇداپىئەسىمۇ بولمايدۇ، ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىرىنچى ئامىل — مىللەتلەر

---

① جياڭ زېمىننىڭ 1993-يىلى 11-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى.

باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش. پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا ماركسچە مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئاساسىدىكى مىللىي ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەپ ۋە قوۋۋەتلەپ كەلدى. شۇڭلاشقىمۇ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا ۋە سىياسەتلەردە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا قوللاش بەلگىلەنگەن. بىز سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مىزانىدا تەۋرەنمەي قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز، ئۇنىڭدىن ھەرگىز تايماسلىقىمىز لازىم. قاچانكى ئۇنىڭدىن تايىدىكەنمىز، مىللەتلەر مەسىلىسى، مىللەتلەر خىزمىتى توپتوغرا يولغا كىرىپ قالىدۇ، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمىنىڭ بىرى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مۇشۇ سىياسىي تۈزۈمنىڭ قانۇنلاشقان شەكلى. بۇ قانۇننى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز، ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش — مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا ئاساسىي قانۇن ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەقانۇنى»غا مۇلھىق كېلىدىغان قانۇن-نىزام سىستېمىسى ۋە نازارەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى تېزرەك ۋۇجۇتقا چىقىرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن پائال تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى، ئۇلارنىڭ سانىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ساپاسىغىمۇ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى — شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش. بىلىش شۇجى جياڭ زېمىن: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش -- مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ ھەل قىلىش لازىم. شۇڭا بىز مىللىي رايونلاردىكى ھەرخىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى پۇختا ئىگىلىشىمىز لازىم. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تۈرلۈك ئامال-چارىلار بىلەن تېزلىتىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىشىمىز، ھەرقايسى مىللەتلەرنى پەيدىنپەي ئورتاق گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم»[1] دەپ كۆرسەتتى.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن خېلىلا چوڭ پەرقنى ساقلاپ كەلمەكتە. ھەتتا بۇ پەرق بارغانچە چوڭايماقتا. بۇ پەرقنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، تېزلا كىچىكلەتكىلى بولمايدۇ. بۇ پەرقلەرنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن مەلۇم جەريان، مەلۇم ۋاقىت كېرەك. ئۇزاق ۋاقىت جاپاغا چىداپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش كېرەك. بۇ پەرقنى كىچىكلىتىش، ئارىلىقنى يېقىنلىتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، دۆلەت سىياسەتلەرنى تەڭشەش ئارقىلىق مىللىي رايونلارغا يار-يۆلەك بولۇش، مەدەت بېرىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت مىللىي رايونلاردا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى چوقۇم شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي رايونلار ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئورتاق تىرىشچانلىق ئارقىلىق تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش كېرەك.

## 2

شىنجاڭ كۆپ دىن تارقالغان رايون. ھازىرقى كۈندە، شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى بۇددا

[1] جياڭ زېمىننىڭ 1993-يىلى 11-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى.

دىنى، زاگزۇ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى (لاما دىنى)، داۋجياۋ دىنى (تەرىقەتچىلىك)، خرىستىئان دىنى ۋە پراۋوسلاۋ دىنى قاتارلىق دىنلار مەۋجۇت. بۇ دىنلارنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان تارىخى، ئۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە ئاھالە سانى، ئېتىقاد قىلىش دەرىجىسى بىرخىل ئەمەس. شۇنداقلا بۇ مىللەتلەرنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت-شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە-يوسۇنلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزى مىللەتلەر بىرلا خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ بەزى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسىم خەلقى بىر دىنغا، يەنە بىر قىسمى يەنە بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىرقانچە مىللەت بىرلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. دېمەك، شىنجاڭدا مىللەتلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش جەھەتتىكى ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئىسلام دىنىنى مىسالغا ئالساق، ئىسلام دىنى جۇڭگوغا تاڭ سۇلالىسى يۇڭخۇينىڭ ئىككىنچى يىلى — مىلادى 651-يىلى تارقالغان. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارقالغان. بۇ دىنغا جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالار، باۋئەن — ئون مىللەت ئېتىقاد قىلىدۇ. يەنە كېلىپ مۇشۇ ئون مىللەتنىڭ ھەممىسىلا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ مەئىشەت قىلىدۇ. شىنجاڭدا ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا قارىغاندا، تارقالغان تارىخى ئۇزۇن، تەسىرى چوڭ، ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت ۋە ئاھالە سانى بىرقەدەر جىق. مەملىكىتىمىزدىكى 18 مىليونچە مۇسۇلماننىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى شىنجاڭدا. شىنجاڭدا دىن بىلەن مىللەت، دىنىي مەسىلە بىلەن مىللىي مەسىلە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. مەملىكىتىمىزدىكى دىنىي مەسىلىدىكى ئاممىۋىلىق، مىللىيلىك، مۇرەككەپلىك، خەلقئارالىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكتىن ئىبارەت بەش چوڭ ئالاھىدىلىك شىنجاڭدا ئالاھىدە گەۋدىلىك. شىنجاڭدا ئىسلام دىنى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان تەخمىنەن ئون مىليونچە مۇسۇلمان ئاممىنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. كۆرۈنۈشتە دىنىي تۈس ئالغانىدەك بەزى ئۆرپ-ئادىتى ۋە قائىدە-يوسۇنلار ئەمەلدە ئۇزاق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. قىسقىسى، دىنغا قارىتا توغرا تونۇش بولۇش، چوقۇم ئېھتىياتچان، سالماق، ئەتراپلىق بولۇش، يېنىكلىك، قوپاللىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىق. يەڭگىلتەكلىك بىلەن باھا بەرمەسلىك، يۈزەكى ۋە بىر تەرەپلىمىلىك خۇلاسە چىقارماسلىق، جىددىي مەسىلىگە جىددىي قاراش، توغرا، تەدبىرلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. دىن مەسىلىسى، مىللەتلەر خىزمىتى مەسىلىسى ھەرگىز كىچىك مەسىلە ئەمەس. دىن ساھەسىدە، مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدە مەسىلە كۆرۈلسە كىچىك مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا ماركسچە دىن ۋە مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، دىن ۋە مىللەت مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، دىن مەسىلىسى ۋە مىللەت مەسىلىسىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىختا چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىققا، ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى ئىگىلمەي-سۇنماي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، تىللاردا داستان قىلغىدەك شەرەپلىك كۈرەش ئەنئەنىسىنى يېتىلدۈرگەن ۋە ئۇنى نامايەن قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن روھىنى ئۇرغىتىپ باتۇرانە ئالغا باسماقتا. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مىللەتلەر ئىناق-ئىتتىپاق بولۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قورال قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. بۇ ئەمەلىيەت، بۇ ئەمەلىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ. ئۇلار تۈرلۈك ئاماللار بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، مۇقىملىققا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ ۋە بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ۋە «غەربلەشتۈرۈش» ستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، مىللەت مەسىلىسى ۋە دىن مەسىلىسىنى «سىڭدۈرۈپ كىرىش» ۋە «پارچىلاش ئېغىزى» قىلماقتا. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئادەملەر ئۇلار بىلەن يىراقتىن دوست تارتىشىپ، ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ ،ئىسلىشىپ ئىز قالدۇرماقتا. بۇنىڭغا نىسبەتەن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يۇقىرى دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، سۇيقەستچىلەرنىڭ پىلانىنى بەربات قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇپ ۋە ئۇلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1992-يىلى 1-ئايدا مەركەزدە چاقىرىلغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەپ كېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىككە قارشى

تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتتى. جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.»[1] شۇنى ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، بۇ يەردە ئېيتىلغان بۆلگۈنچىلىك جۇڭگودىكى قانداقتۇر بىرەر مىللەتكە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان. كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇسقا قارىتىلغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىنلا پارتىيىمىز تەشەببۇس قىلغان باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى قوۋۋەتلەپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئارىسىغا ئارازلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ ۋە لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇپ كەلدى. ھالبۇكى، بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەلقئارادا چوڭقۇر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى، مەملىكەت ئىچىدە بولسا مۇرەككەپ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار. بۇلار ئۆزئارا زىچ چىرمىلاشقان. ئۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۈگىتىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە ئەگرى-توقاي بولىدىغانلىقىنى ئىدىيىمىزدە يېتەرلىك تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. ئۇنىڭغا قارىتا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز ۋە ھەرگىز يېنىكلىك قىلماسلىقىمىز كېرەك.

## 4

ھازىرقى ۋاقىتتا، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىناق-ئىتتىپاق، دىنىي ساھە مۇقىم بولماقتا. بۇ ئەمەلىيەت. بۇ ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىن خىزمىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. بۇمۇ ئەمەلىيەت. بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بەزى جايلاردا دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، نىكاھ ئىشلىرىغا، مائارىپ، ئاممىۋى-ئىجتىمائىي، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئارىلىشىۋېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەكتە؛ بىكار قىلىنغان فېئودallıق دىنىي ئىمتىياز، دىنىي ئېكسپلاتاتسىيە، ئېزىش تۈزۈمى، مەجبۇرىي شەكىلدىكى دىنىي باج-سېلىق ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ؛ بەزى جايلاردا دىنىي مەزھەبلەر ئارا جېدەل-ماجىرا يۈز بېرىۋاتىدۇ؛ يەنە بەزى جايلاردا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ؛ يەنە بەزى جايلاردا تېررورلۇق، پارتلىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە باشقا جىنايى ھەرىكەتلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ ۋە ھاكازالار. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئاساسەن دىن ۋە مىللەت مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرمەكتە. بۇنداق قانۇنسىز ھەرىكەتلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىغا شۇنداقلا دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەھدىت ۋە توسالغۇ پەيدا قىلماقتا. بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سىياسىي ئىدىيە ۋە قانۇنچىلىق جەھەتتە ماركسىزملىق مىللەت ۋە دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، قانۇنچىلىق ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، قانۇن بولغان ئىكەن، قانۇنغا رىئايە قىلىشىمىز، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى، قانۇنلۇق دىنىي تەشكىلاتلار ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەرقانداق شەخس ۋە تەشكىلاتنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەرقانداق شەخس ۋە تەشكىلاتنىڭمۇ قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەر بەلگىلىگەن دائىرىدىن ھالقىپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كىمدە كىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. قانۇن ئالدىدا ھەرقانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

گوۋۇيۈەن 1994-يىلى 1-ئاينىڭ 31-كۈنى زۇڭلى لى پېڭ ئىمزا قويۇپ پەرمان جاكارلاپ يولغا قويغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» (گوۋۇيۈەننىڭ 144-نومۇرلۇق پەرمانى)، «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» (گوۋۇيۈەننىڭ 145-نومۇرلۇق پەرمانى)نى[2] شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى ھەمدە بۇ يىل 3-ئايدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» (تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخا) ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بەلگىلىمىسى» قاتارلىق قانۇن-نىزام بەلگىلىمىلەرنى ياخشى ئۆگىنىش، كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭدىن ھەركىم خەۋەردار بولۇش كېرەك.

---

① «يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى توغرىسىدا»نىڭ 229-بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى نەشر قىلغان «جۇڭگودىكى دىنلار» ناملىق ژۇرنال 1995-يىل تۇنجى سان 20-، 21-بەتلەر.

دىن ئىشلىرىغا دائىر قانۇن-نىزام، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھى-ماھىيىتىنى ئەتراپلىق ۋە توغرا ئىگىلەپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش دېگەنلىك دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى تىلغا ئېلىنسىلا دىننى باشقۇرۇشتىن ۋاز كېچىشكە، دىن خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ قانۇنغا خىلاپ دىنىي ھەرىكەتلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىشقا بولمايدۇ. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تىلغا ئېلىنسىلا نېمىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ۋە توغرا ئاجرىتالمايلا ھەممىنى قارا-قويۇقلا چەكلەش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. نېمىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەت، نېمىنىڭ دىنىي ئېتىقاد، نېمىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنىڭ چېگرىسىنى توغرا ۋە ئېنىق ئايرىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

5

بولۇپمۇ شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، دىن ۋە مىللەت مەسىلىسىدە زىددىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. زىددىيەت قانۇنىيىتى بويىچە، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەر مۇئەييەن شارائىتتا ئۆتكۈرلىشىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، دوست-دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زىددىيەتلەرنى بېتەكلەش، زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىياتىنى كۆزىتىش، زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى خاتا ھالدا دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دەپ قاراپ سۇئىي ھالدا دۈشمەن تېپىۋالماسلىقىمىز، تەربىيىلىۋېلىشقا ۋە ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان كىشىلەرنى دۈشمەن تەرەپكە ئىتتىرىۋەتمەسلىكىمىز؛ دوست-دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى خاتا ھالدا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت دەپ قاراپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ھەتتا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى پاناھلاندۇرىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ئورۇنغا ئىگە قىلىپ قويىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. مىللەت ۋە دىن مەسىلىسىدە ئېھتىمۇ شۇنداق. كىمنىڭ مەسىلىسى بولسا شۇنىڭ مەسىلىسى، قانداق مەسىلە ۋە قانچىلىك مەسىلە بولسا شۇنداق مەسىلە ۋە شۇنچىلىك مەسىلە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. مىللەت مەسىلىسىگە ياتمايدىغان مەسىلىنى مىللەت مەسىلىسى، دىن مەسىلىسىگە ياتمايدىغان مەسىلىنى دىنىي مەسىلە دەپ يېنىكلىك بىلەن ياكى زورۇقۇپ بۆك كەيگۈزۈپ، خاراكتېر بېكىتىپ قويۇشتەك ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

باش شۇجى جياڭ زېمىن 1993-يىلى 11-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا پۈتۈن پارتىيىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «مىللەت، خىزمىتى ۋە دىنىي خىزمەت كىچىك ئىش ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «پۈتۈن پارتىيە مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى ۋە دىن خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن مىللىي خىزمەت ۋە دىنىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ۋە ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى جۈملىدىن مىللىي ۋە دىنىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە. باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ئەڭ مۇھىمى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنتايىن مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا، ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك شەكىللەنگەندىلا، باشقا ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ-دە، جەمئىيەت ئېھتىمۇ مۇقىم بولىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئېھتىمۇ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولىدۇ». بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى جاڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ مۇھىم يوليورۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنەيلى

سىدىق يۇنۇس

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرى، ئۇنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدا كۆپ قېتىم توختىلىپ، ئىنتايىن قىممەتلىك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ھازىرقى كۈندە، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە مىللەتلەر خىزمىتىدە ئومۇمىي يۈزلۈك، توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈش مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشتە، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشتە؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى تەدبىق قىلىپ ۋە ئۇنى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تۈزۈپ چىققان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈپ سىياسىتى. دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تۈزۈمى. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال. دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت، بۇ تۈزۈمنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىملىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. شۇڭا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگودا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى تۈزۈمى يولغا قويۇلماي مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ تۈزۈم بىر قەدەر ياخشى تۈزۈم، جۇڭگونىڭ ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈزۈم» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 532 - بەت)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان جاپالىق، ئەگرى توقاي، قوراللىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەكلى جەھەتتە، ئەڭ دەسلەپ فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، 1922 - يىلى 7-ئايدا شاڭخەيدە ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئىككىنچى قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسىدا «ئەركىن فېدېراتسىيە تۈزۈمى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ مەركىزىي قىسمى بىلەن ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ، خۇيجياڭ (شىنجاڭ)نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ جۇڭخۇا فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش» دەپ كۆرسىتىلدى. لېكىن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش دەۋرىگە كەلگەندە، پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر پروگراممىسىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تەكىتلەش، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىش، مىللىي ئاپتونومىيىنى تەكىتلەشكە ئۆزگەرتىلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىڭ جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى تەدرىجىي ھالدا تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز 1947-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ئارپىسىدا يەنى 1949- يىلى 9-ئاينىڭ 29-كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق

ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئورتاق پىروگراممىسى»دا «ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952ـ يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قېتىملىق ئاساسىي قانۇنىغا يېزىلدى. مەسىلەن، 1982 ـ يىلى تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان، 1988 ـ يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 4ـ ماددىسىدا «... ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈلىدۇ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر» دەپ بەلگىلەندى. («قانۇن-نىزاملاردىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى 10ـ، 11ـ بەت) 1984ـ يىلى مەملىكەتلىك 6ـ قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 2ـ ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ماقۇللىدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يالغۇز پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى ۋە ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى بولۇپ قالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۈلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كەلمەي، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىجات قىلغانلىقى، ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە رېئال شارائىتىنى چىقىش قىلغانلىقىدىن، ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن بولدى. تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا جۇڭگو قەدىمدىن تارتىپلا بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا چوڭ دائىرىدە ئارىلىشىپ، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ، ئۆز ئارا گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يېقىنقى زاماندىن باشلاپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشلەر جەريانىدا مۇ. تەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان؛ ئۇنىڭدىن باشقا بايلىق مەنبەسىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى تەكشىسىزلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ، ھەر قايسى رايونلار ۋە ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىمىسە، جۇڭگونىڭ، قالاق، نامرات ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ باي، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بەلگىلى ى. جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 8%نى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 6 مىليون 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئۆپرەك بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 64% نى ئىگىلەيتتى. بۇ رايونلاردا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىنتايىن مول بايلىق بار ئىدى. لېكىن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بۇ رايونلار ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئىنتايىن ئارقىدا قالغان. بۇ خىل ئەھۋالدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى بىلەن خەنزۇ رايونلىرىنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، ئادەم كۈچى قاتارلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونى باي، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بىرلىككە ئېبەدىي كاپالەتلىك قىلىدىغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. يولداش جۇئېنلەي مۇنداق دېگەن: «تارىخىي تەرەققىيات بىزگە مىللىي ھەمكارلىق شارائىتىنى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا بىز ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىغا پايدىلىق بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللاندۇق، بىز مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىنى تەكىتلىمەيمىز. ھازىر مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى تەكىتلىنىدىغان بولسا، جاھانگىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار غەرەزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ» (جۇئېنلەي «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»). 1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى 50 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. 1990 ـ يىلغىچە بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 124 ئاپتونوم ناھىيە، 1700 دىن ئارتۇق مىللىي يېزا قۇرۇلدى. خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىلغان مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك «نەچچە ئون

يىللىق سىناق بۇ تۈزۈمنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى».

دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، تارىختىن قېپ قالغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرقنى پەيدىن-پەي تۈگىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى تۈپ ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا چىن كۆڭۈل-سەمىمىي نىيەت بىلەن ياردەم بېرىشىمىز كېرەك» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 505-بەت). يولداش دېڭ شياۋپىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-نى يولغا قويۇشتا ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرمىسەك، ئاپتونومىيە دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدىن بىر ئاز نەپكە ئىگە بولۇشنى كۆزلەيدۇ، بىر قاتار ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، چاتاق چىقىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 386-بەت). 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئادەم كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا پەقەت 1980-يىلدىن 1991-يىلغىچە بولغان 11 يىلدا دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بەرگەن مالىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى 29 مىليارت 600 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. 1990-يىلى مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 227 مىليارت 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1952-يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 9.8 ھەسسە ئاشقان. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆسكەن. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قىياپىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلگەن. لېكىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەسلىدىلا ئۇلىسى بىر قەدەر ئاجىز، تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغانلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېڭىز بويىدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقىدا تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن. بىر قىسىم ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى. بۇ خىل ئەمەلىيەتكە قارىتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگودىكى بايلىقنىڭ تولىسى شىزاڭ بىلەن شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا جايلاشقان، مۇشۇ رايونلار گۈللەنسە، تازا ياخشى ئىستىقبال تاپىدۇ. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىش سىياسىتىمىز قەتئىي تەۋرەنمەس سىياسەت» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 508-بەت). يولداش جاڭ زېمىن 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمىتى يىغىنىدا «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، مەملىكەت بويىچە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ساقلانغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ ھەل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چەزمەن پۇختا ئىگىلىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى («مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە 1994-يىل 5-سان 19-بەت). نۆۋەتتە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى تېز تەرەققىي قىلماقتا، نامراتلىق، قالاقلىق ھالىتى تىرىشىپ ئۆزگەرتىلمەكتە. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆسمەكتە. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، بۇندىن كېيىن ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشى، ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا تېخىمۇ زور يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى، ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق نامايان قىلىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنى ھەقىقىي يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقى كۈچىيىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى مۇستەھكەملىنىدۇ. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.

# مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش شەھەرلەرنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا

خانقىز ئىبراھىم

مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتتىكى ئاجىزلىق، پۇلغا چوقۇنۇش، راھەت پەرەسلىكنىڭ بېش كۆتۈرۈشى، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ياخشى بولماسلىقى، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ يېڭى باشتىن پەيدا بولۇپ يامراپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەر. بۇ بىزدىن، يۇقىرى دەرىجىدە دىققىتىمىزنى قوزغاپ، ھەر قايسى تەرەپ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي ئىشلەپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ بىر قولنى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدەك «قاتتىق» قىلىپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىشنى، بۇنى رەھبىرى كادىرلاردىن، يۇقىرىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ توغرا كەيپىياتنى تۇرغۇزۇپ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى بەزى نا توغرا ئىستىلالارنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىپ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا دەۋرنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، شەھەرلەرنى ئىگىلىكى گۈللەنگەن، پەن - تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان، مائارىپى ئىلغار، مۇھىتى (ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتى) گۈزەل، مىللەتلىرى ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم بولغان زامانىۋى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى كۆپ تەرەپلەر شەھەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ توغرا، ئادىللىق بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە مەمۇرى ئورگانلاردىكى خادىملار دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان شۇنداقلا دۆلەتكە ۋاكالىتەن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلاردۇر. ھەر قانداق بىر شەھەرنى ئالدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن دىققەت قىلىدىغىنى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىدۇر. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئوبرازىنىڭ ياخشى يامان بولۇشى، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئوبرازى خۇنۇكلەشكەن، مۇقىم بولمىغان ھۆكۈمەت جەمئىيەتكە ناھايىتى زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، شەھەرلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش يەنى مەمۇرىي ئورگان ۋە مەمۇرىي خادىملارنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسىنى ساغلاملاشتۇرۇش مەسىلىسىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ھالقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچىدىن، شەھەردە پاك ھۆكۈمەت بولۇش كېرەك. ھەممىلەنگە مەلۇم، مەيلى بىز قانداق يەرگە بارايلى، ھەممىلا يەردە، ھەر قانداق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا، پۈتۈن خەلقنىڭ كاللىسىدا، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ خەلق بولسا دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى، ھۆكۈمەت كادىرلىرى خەلقنىڭ چاكىرى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. خەلق بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ، دېگەن چۈشەنچىلەر بار. ھەر قانداق ئادەم، ھەر قانداق پۇقرا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنىڭ بىر قۇرۇق شوئار ئەمەس بەلكى ئەمەلىيەت بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئارزۇ دەل ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنى پاكلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىش - ئايلىنالماسلىقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر، بىر ھۆكۈمەت كادىرى خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشى، خىزمەت نەتىجىسىنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ يەنىلا دۆلەت ئورگانىزمى ئىچىدىكى بىر خەتەرلىك ئۆسمە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆسمە يوغانلىغانسېرى دۆلەتنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ ۋە تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەگەر

پاكلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، خەلقنىڭ نارازىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىسە يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى نارازەتچىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ياكى تەڭ دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ، تۆۋەن دەرىجىلىك ۋە تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بولغان نازارەتچى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي جامائەتچىلىكنىڭ نازارەتچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ نازارەتچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈلۈشى ھەمدە سۈرگە ۋە مۇستەقىللىققە ئىگە بولۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت ئورگەنلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى پاكلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، مەملىكىتىمىزدە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى سوتچىلار، ساقچىلار، باج ئىشلىرى ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دۆلەتكە ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىدۇ. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتەك رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن تەسىرى زورىيىۋاتىدۇ. ئۇلار قولىدىكى ھوقۇقى، تەسىر دائىرىسىدىن پايدىلىنىپ، قالايمىقان جەرىمانە قويىدىغان، قالايمىقان ھەق ئالىدىغان، ئۆزىنى سەمەرىتىپ دۆلەت ۋە خەلققە زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار پۇلنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراۋاتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا، ئەرىز قىلماقچى بولساڭ ئالدى بىلەن پۇل تاپشۇر، پۇل تاپشۇرالمىساڭ ئەرىز قىلما، ئۇتتۇپ چىقىشنى ئويلىساڭ، ياخشىسى پۇل ئېلىپ كەل، دېيىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېغىزدىن چۈشمەيدىغان بولدى. بەزى سوت ئورۇنلىرىنىڭ ئايرىم تارماقلىرى «پۇلنى دەۋانىڭ دەستىكى» قىلىۋالىدىغان بولدى. ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قىلدۇرىدىغىنى شۇكى، پۇل بەزى ئورۇنلاردا جىنايى جازانىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلىدى، پۇلنى دەپ جەرىمانە ئالىدىغان، پۇلنى دەپ جەرىماننى يوق قىلىۋېتىدىغان ھادىسىلەر يۈز بەردى. قانۇننىڭ نوپۇزىغا دەخلى يەتتى. بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ئىش بېجىرگەندە، ئارقا ئىشىك ماڭىدىغان، مۇناسىۋەت ئىزدەيدىغان، ئىشنى قانۇن بىلەن ئەمەس، بەلكى پۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەھۋاللار يامراپ كېتىپ، جەمئىيەت ئېغىر دەرىجىدە بىر قەدەر قالايمىقانلاشتى. ئەمما، جەمئىيەتتىن نارازى بولىدىغان ۋە كېيىندىن ئەنسىرەيدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. بۇ يەردە بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش. ئەگەر جەمئىيەتتە قاتلام چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىككە قارشى تەدبىرلىرى ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تەدبىر بەلگىلىگۈچى ئورۇنلاردىن تارتىپ ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلارغىچە، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىدىن تارتىپ ئەدلىيە ئورگانلىرىغىچە قاتتىق قوللۇق بىلەن چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنى پاكىزە تازىلاش كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ياخشى ھۆكۈمەت ئوبرازى تىكلەش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتىغا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە، شۇڭا، تېزلىك بىلەن بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قانۇن-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان ھەر قانداق ئىمكانىيەتلەرنى يوقىتىشىمىز، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۇتكەپ ئىشلىتىدىغان، ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ئىچىدىغان، كەسپىي ئەخلاقى يات ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر خىل چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، قانۇن بويىچە جازالاش، قىلچە رەھىم قىلماسلىق لازىم.

ئىككىنچىدىن، ھەممىدە خەلق ئامىسىنى ئويلايدىغان، دېموكراتىيىنى قانۇن-نىزاملارنىڭ كاپالىتى ئاستىدا ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ياخشى ھۆكۈمەت ئوبرازى تىكلەش لازىم. دۆلىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىكى رەھبەرىي كادىرلار ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ چاكارلىرىدۇر. ئۇلار چوقۇم خەلق ئاممىسىنىڭ ھەر خىل پىكىر تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى كېرەك. چۈنكى ھەر قانداق بىر ياخشى رەھبەرىي كادىر دېموكراتىيىنى سۆيىدۇ ۋە ئۇنى يولغا قويىدۇ. لېكىن، بىر قىسىم شەخسىيەتچى، مۇستەبىت خارەكتېرىدىكى رەھبەرىي كادىرلار دېموكراتىيىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالدىنقىسى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشتۇر. بۇنداق مەركەزلەشتۈرۈش كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش ۋە ئىلمىيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، خەلقنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىگە ھەقىقىي ئۇيغۇنلىشالايدۇ. ئەمما كېيىنكىسى، پەقەت مەركەزلەشتۈرۈشنىلا تەكىتلەپ، دېموكراتىيىنى قۇرۇق شوئارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، دېموكراتىيەنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل خۇپيانە مەقسىدىگە يېتىشنى ئويلايدۇ. مۇبادا، ھەر قانداق

بىر ئىدارە، تەشكىلات، ھەر قانداق بىر شەھەر ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويسا، بۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئاياغ-ئاستى قىلغانلىق بىلەن باراۋەر، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق بىلەن باراۋەر. پۇت دەسسەپ تۇرۇشتا تايىنىدىغان ئاساسىي ئامىلدىن ئايرىلىپ قالغانلىق بىلەن باراۋەر. شۇڭا، بىر خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ھۆكۈمەت خادىمى چوقۇم دېموكراتىزملىق ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇشى، يەنى ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن خەلقنىڭ خوجايىنلىق رولىنى ئېتىراپ قىلىشى، سىياسىي پرىنسىپ جەھەتتىن، شەھەرنىڭ بارلىق ھوقۇقىنىڭ خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، قانۇنىي تۈزۈم جەھەتتىن، شەھەردىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پەقەت خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلغىلى ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق سۆز ھەرىكىتى بىلەن شەھەر خەلقىگە جاۋاب قايتۇرالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ياخشى ھۆكۈمەت ئوبرازىنى تىكلەش كېرەك. ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىقى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە ئەخلاق قاراشلىرىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنى مەلۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقاچقا ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى ئۆزگىرىپ، چۈشكۈنلىشىپ، قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پۇل ۋە ھوقۇق سودىسى قىلىپ، راھەتكە بېرىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئالماشتۇرۇپ كېلىدىغىنى ھوقۇق ۋە پۇل بولۇپلا قالماي، قانۇن، ئەخلاق ۋە ۋىجدان بىلەن قىلىشقان چاقچاقتۇر. بۇنداق يەڭگىللىك بىلەن قىلىشقان چاقچاق، ئالماشتۇرۇشلار ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى بۇلغايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق كۆڭلىدىكى ئوبرازىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، پۈتۈن شەھەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ھەممىيلەنگە مەلۇم، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى مەملىكىتىمىزدە تۆۋەن ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمیۈزلۈك يۇقىرىراق ئىدى. ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدە ئازراق ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش تۇيغۇسى مەۋجۇت ئىدى. ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىن بېيىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن قانداق ئادەملەر ئالدىن بېيىش ۋە قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئالدىن بېيىش توغرىسىدا ئېنىق چۈشەندۈرۈش ۋە چەكلىمە بولمىغاچقا، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي قانۇن جەھەتتىكى بەزى بوشلۇق ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى بەزى بوشلۇق ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن، بەزىلەر تېزلا بېيىپ كەتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، ھالال ئەمگەك قىلىپ بېيىغان ئەمەس. ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھايانكەشلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئالداپ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىلارغا ئورا كولاپ، باج تاپشۇرماي، باج ئوغرىلاپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىپ، بىردىنلا كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان بايۋەتچىلەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىر قىسىم رايونلار، بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋۋال بېيىسا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقا رايون، باشقا كىشىلەرگە تۈرتكە بولۇشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ» دېگەن يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش نۇرغۇن توسالغۇلارغا ئۇچراپ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا ئارىلىق تاشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى روھىي ھالەت جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى يېڭىباشتىن ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇستىلىق بىلەن قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شەخسىي سودىغا كىرىشىپ كەتتى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى بىر قاتار نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما، چىرىكلىشىش شاملى تېخى پەسەيمىدى. بىر قاتار خەتەرلىك ئۇسسۇلەر پاكىزە تازىلانغان بولسىمۇ، يەنە يېڭىباشتىن پەيدا بولۇۋاتقان ئۇسسۇلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقالغان. ھەممىگە مەلۇم، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن ياخشى ۋە گۈزەل ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتى ھازىرلاپ بېرىش، شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كارخانىلار ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، شەھەرلەرنى زامانىۋىلاشقان، تولۇق ھاياتىي كۈچكە ئىگە شەھەرگە ئايلاندۇرۇشتۇر. لېكىن، ھازىر تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر، بولۇپمۇ ئوبوروت ھالقىلىرىنىڭ ئالغان پايدىسى بەك كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت

قىلىشتا تايىنىدىغان ماددىي شارائىتى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشتە تايىنىدىغان ئالاھىدە شارائىتلىرى كۆپ پەرقلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىر قىسىملار ھەر خىل قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى ئولتۇرۇۋاتقان كونا ئۆيلىرىنىڭمۇ پۇلىنى تۆلىيەلمەي ۋايساپ يۈرسە، يەنە بىر قىسىملار بەش-بەستە ھەشەمەتلىك ئۆيلەرگە كۆچۈپ خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىن ئالاھىدە بەھرىمەن ئالماقتا. دېھقانلار، ئىشچىلار، پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرى ئك ئورگەن خادىملىرى، ئەدلىيە، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر قاتارلىق كەسىپتىكىلەرنىڭ كىرىمى داۋاملىق تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزى رەھبەرىي كادىرلار، ئەدلىيە، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش كويىغا چۈشتى. ھەتتا بەزى مەكتەپ ۋە باللار باغچىلىرىمۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قالايمىقان ھەق ئېلىپ قىيىنچىلىقلارنى ئېغىرلاشتۇرۋەتتى. بەزى دوختۇرخانىلار ۋە دوختۇرلار قىزىل بولاق ئالماي تۇرۇپ، ئوپېراتسىيە پىچىقىنى قولىغا ئالمايدىغان، كەسپىي ئەخلاققا يات قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىلەن چاقچاقلىشىدىغان بولدى.

يۇقۇرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىقى چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. مەملىكىتىمىزدە چىرىكلىك ئەھۋاللىرى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت. ئۇنىڭ شەكلىمۇ كۆپ. ئۇنداقتا، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىن بېيىپ بولغاندىن كېيىن، ئورتاق بېيىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىدۇر. چۈنكى بىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقىنىمىز سوتسىيالىزم، سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئورتاق بېيىش بولىدۇر. ھەرقانداق بىر ئادەم، قانداق خىزمەت قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، بۇ يەردە پەقەت ئىش تەخسىماتى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش، ھەممىسى نىسبەتەن ھالال ئىش ھەققىگە ئېرىشىشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندا، پۈتۈن جەمئىيەت نورمال ئايلىنىپ ملس ھالدا تەرەققىي قىلالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر چوڭىيىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى تەۋرىنىپ قالىدۇ. تۇرغۇن يامان ئامىللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. قۇتقۇزۇش تەس بولغان، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغان ئىجتىمائىي كېسەللەر پەيدا بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، خىزمەتچى خادىملار ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم جەھەتتىكى پەرقنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىش مەسىلىسىگە قارىتا، دەل ۋاقتىدا توغرا سىياسەت قوللىنىپ، قانۇنلۇق كىرىم قىلغۇچىلارنى قوغداپ، قانۇنسىز كىرىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «ئۈچ تۆلكە باشلىقىنىڭ ئىش ھەققى بىر مېھمانخانا مۇلازىمەتچىسىنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققىگە تەڭ» كېلىشتەك ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىپ، كىرىم جەھەتتىكى پەرقلەرنى تەڭشەش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ھەر قايسى ساھەلەردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، بارلىق زېھنىي كۈچى بىلەن سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق تۆھپە قوشىدىغان ياخشى روھى ھالەت ۋە ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتى ياراتقىلى بولىدۇ. ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم ھالقا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدۇر. پەقەت مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت زور كۈچتىن پايدىلىنىپ، ساپاسى يۇقىرى، ھەرىكىتى دۇرۇس، قىلغان - ئەتكىنى ئادىل، ئەدىبە ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلىنىشى نورمال بولغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى كەڭ خەلق ئالدىدا ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ھېسسىياتىنى تۇرغۇزالايدۇ. خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھىمايىسى ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى ئوبرازىنى كەڭ جەمئىيەتكە تونۇتىدۇ. بۇ بىر ئەمەلىيەت. شۇڭا، ھۆكۈمەت پۈتۈن ھەرىكەت نۇقتىسىنى خەلقنىڭ باياشاتلىقى ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قارىتىشى، ھەرىكىتىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك بولۇپ قېلىشىدىن، شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەتلىك بولۇپمۇ ئۈنۈمسىز بولۇشىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى ھۆكۈمەت ئوبرازىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە ياخشى ھۆكۈمەت ئوبرازىنى تىكلەش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى زور ئىلگىرىلەش، پۈتكۈل شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا.

# ئائىلە تەربىيىسىنى مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە

گۈلسۇم ھوشۇر

بۈگۈنكى بالىلار، ئۆسمۈرلەر كېلەچەكنىڭ ئىگىسى، ئۇلارنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يارامىلىق ئىزباسارلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەش بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ، تەربىيىچى-ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بۇرچى ۋە ۋەزىپىسى. ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

ئائىلە تەربىيىسى — ئائىلە باشلىقلىرى ئاڭلىق ھەم مەقسەتلىك ھالدا، مۇئەييەن جەمئىيەت ۋە مۇئەييەن سىنىپنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە پەرزەنتلىرىنى ئۆز سۆز-ھەرىكىتى ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇھىتى ئارقىلىق تەربىيىلەپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتتۇر. ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، مەزمۇن، پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇللارغا ئىگە بىر پەن. بۇ پەن سۈپەتلىك تۇغۇش، پسىخولوگىيە، ئېرسىيەت، فىزولوگىيە، ساقلىقنى ساقلاش، ئوزۇقلاندۇرۇش، تەربىيىلەش، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېتىكا، ئېستېتىكا، قانۇن قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ كۆپ خىل بولۇش، بىۋاسىتە بولۇش، قاراتمىلىقى بولۇش، ۋاقتىدا بولۇش، ئۇزاق مۇددەتلىك بولۇش، ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئائىلە تەربىيىسى ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئەڭ بالدۇر ۋە ئەڭ ئۇزاق ئېرىشىدىغان تەربىيە بولۇپ، يەسلى تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ ئاساسى.

ئائىلە تەربىيىسى پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ دەسلەپكى تەربىيە شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك تەربىيە ھېسابلىنىدۇ. بوۋاق دۇنياغا كېلىپ بىلىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئانىسى، دادىسى ۋە ئائىلىدىكى چوڭلار، بالىلار يەسلىگە ۋە مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن پۈتۈنلەي ئائىلىدە بولىدۇ، ئۇلار يەسلىگە ۋە مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ كۆپ ۋاقتى يەنىلا ئائىلىدە ئۆتىدۇ. ئانىنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى بىۋاسىتە ۋە چوڭقۇر بولىدۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بالىنىڭ كېيىن قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنداقتا، ئاتا-ئانا بالىغا بولغان تەربىيىسىنى قاچاندىن باشلىسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟

مەلۇم بىر دادا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپچىسى سوخۇملىنسكىدىن: — بالام بىر يېرىم ياشقا كىردى، بالىنى تەربىيىلەشنى قاچاندىن باشلىسام بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت سورىغاندا، سوخۇملىنسكى، — بالىنى تەربىيىلەشنى بىر يېرىم يىل كېچىكتۈرۈپ قويۇپسىز، — دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ جاۋاب بىزگە بالىنى تۇغۇلغان چېغىدىن باشلاپ تەربىيىلەش لازىم دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىر بەزى تەتقىقاتچىلار بالىنى تۆرەلمە چېغىدىلا تەربىيىلەش لازىملىقى جەھەتتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن بالا گەپ-سۆز بىلمىگەن چاغدىمۇ ئەتراپتىكى مۇھىت، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز، شۇڭا، ئاتا-ئانىلار بالام تېخى غەرەز ئۇقمايدۇ، دەپ قاراپ تەربىيىنى كېچىكتۈرۈپ قويماستىن، بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپلا ئۆز سۆز-ھەرىكىتىمىزدە بالىغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىشىمىز، بالىغا پاكىزە، خۇشال-خورام، ئىناق ئائىلە مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم.

بالىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى تەربىيىلەش يۈكى ئېغىرلىشىپ، تەربىيىلەش ئۇسۇلى مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە بالىغا نىسبەتەن يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. بالىنىڭ شۇ يېڭىلىقلارنى بىلگۈسى كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاتا-ئانىدىن كۆرگەنلا نەرسىنى سورايدۇ. كۆرگەنلا نەرسىنى تۇتۇپ باققۇسى كېلىدۇ. بىز ئاتا-ئانىلار بالىلىرىمىزنىڭ قىزىقىشىنى بوغماسلىقىمىز، بالىلارنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرىدىن زېرىكمەسلىكىمىز، يولسىز جېدەللىرىگە يول قويماسلىقىمىز، ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى قاندۇرماسلىقىمىز، ئۇلارنى سۆز ئارقىلىق قايىل قىلىشىمىز، ئىمكان

قەدەر ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، بالىغا چوڭلارغا تايىنىۋېلىش ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز، بالىنى غەيرەتلىك، چىداملىق، جۇشقۇن ھەم ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇشقا يېتەكلىشىمىز لازىم. بالىغا كىچىك چېغىدا بېرىلگەن تەربىيە بالىنىڭ كەلگۈسىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر مىسال بار: ئوغلۇم تۆت ياشلاردىكى چېغىدا ياڭ زىرۇڭنى دوراپ سەكرىمەن دەپ، كارىۋاتتىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى-دە، ماڭا قاراپ راسا يىغلاشقا باشلىدى. مەن دەرھال بالىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ: — ئاللا، چاتاق بولدى، ئۆيگە ياتقۇزۇلغان خىش يېرىلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، تەشكىلدىن بىزنى ئۆينىڭ خىشىنى سۇندۇرۇۋېتىپسىلەر دېسە قانداق قىلارمىز، — دېدىم. ئوغلۇم دەرھال يىغىسىنى توختىتىپ، خىشقا تەككەن بېشىنى تۇتقىنىچە بىر ماڭا، بىر يەردىكى خىشقا قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا، خىشنى بىز ئوڭشاپ قويايلى، مۇندىن كېيىن دىققەت قىل، ئوغۇل بالا دېگەن باتۇر بولىدىغان، ئۆزۈڭ يىقىلىپ چۈشۈپ يىغلىساڭ قانداق بولىدۇ، سەن ياڭ زىرۇڭنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەنمۇ، — دېدىم. مانا ھازىر ئوغلۇم 26 ياشقا كىردى، شۇندىن بۇيان ئۇ ئۆيگە تالاي قېتىم تىز-جەينەكلىرى سۇرۇلۇپ، بۇرۇنلىرى قانلاپ، ئۇ يەر بۇ يەرلىرى كۆكىرىپ كىرگەندۇ، لېكىن يىغلىغىنىنى بىلمەيمەن. ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنمەيدىغان، بالىسىنىڭ ياخشى، يارامliq ئادەم بولۇپ چىقىشىنى خالىمايدىغان ئاتا-ئانا بولمىسا كېرەك. ئاتا-ئانىلار ئىلمىي، توغرا بولغان ئائىلە تەربىيىسى بىلىمىگە ئىگە بولغاندىلا، بالىلارنى جەزمەن كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقىلى بولىدۇ. ھازىر ئائىلە تەربىيىسىدە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت.

بىر خىلى، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى ئەتىۋارلاپ بېشىدا كۆتۈرىدۇ، بالىسىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى (ئورۇنسىز تەلىپىنىمۇ) ئورۇنلاشقا تىرىشىدۇ. بالىسىنىڭ بارلىق ئىشىنى ئۆزلىرى قىلىپ بېرىدۇ، ھەتتا تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ ئىشلەپ بېرىدۇ. بالىسى ئىمتىھان بەرمەكچى بولسا، تاماقنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە بېرىپ بالىسىنىڭ تېزراق چىقىپ، ئىسسىقراق يېيىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن، بۇ بالىنىڭ يارامliq ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىشىگە ئىنتايىن زىيانلىق بولۇپ، بۇ، بالىنى ھەممىلا ئىشتا ئاتا-ئانىسىغا يۆلىنىۋالىدىغان، مىشچان، ھورۇن، شەخسىيەتچى، بىغەرەز، تەييارغا ھەييار بولىدىغان، ھەممىلا ئادەم مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك دەيدىغان ناچار خاھىشلارنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ-دە، بۇنداق بالىلاردىن ئاتا-ئانىغا ۋاپا كەلمەيدۇ، جەمئىيەتكىمۇ پايدىسى تەگمەيدۇ.

ھازىر ئېلىمىزدە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ، چوڭ دادا، چوڭ ئانا، ئاتا-ئانا بولۇپ بەش-ئالتە ئادەمنىڭ بىرلىشىپ باقىدىغىنى بىر-ئىككىلا بالا بولغاچقا، خېلى كۆپ بالىلار ناھايىتى ئەركە بېقىلماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدىن قارىغاندا، چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگودا زور بىر تۈركۈم كىچىك «پادىشاھ»لار ئۆسۈۋاتىدۇ دېگىنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئەمەس.

يەنە بىر خىلى، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپ قويىدۇ. بالا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىلا تىللايدۇ، ئۇرىدۇ، دەرس نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قالسا جازالايدۇ. بالىلىرىدىن باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ، بالىلىرىغا بىرەر-يېرىم دەم ئېلىش، باشقا كىتابلارنى كۆرۈش، بالىلارغا ئاتىغان كىنو، تېلېۋىزور كۆرۈش پۇرسىتى بەرمەيدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا تەربىيىلەنگەن بالىلار روھسىز، كىتابتىكىدىن باشقا بىلىملەردىن خەۋەرسىز، جەمئىيەتتىن بىخەۋەر ئۆسىدۇ. كېيىن ئالىي مەكتەپكە چىقىپ، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلغاندا، قەپەزدىن چىققان قۇشتەك ئۆزىنى بىراقلا ئەركىنلىككە چىققاندەك ھېس قىلىدۇ-دە، ئوڭايلا ئۆزىنى قويىۋېتىدۇ، رەڭگا-رەڭ ئىجتىمائىي مۇھىتتا گاڭگىراپ قالىدۇ. ناۋادا بۇنداق بالىلاردىن چاتاق چىقىدىغان بولسا، چوڭ چاتاق چىقىدۇ.

بالىنى كىچىكىدىن ئەدەبلىك، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، ساغلام، جۇشقۇن، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە كۆيۈنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا-ئانىلاردا بالا تەربىيىلەش جەھەتتە ئەتراپلىق بىلىم بولۇشى كېرەك. گوركى مۇنداق دېگەنىدى: «بالىسىغا كۆيۈنۈشنى مېكىيانمۇ بىلىدۇ، بىراق، بالىلارنى ماھىرلىق بىلەن تەربىيىلەش دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى. بۇنىڭ ئۈچۈن پاراسەت ۋە مول تۇرمۇش بىلىملىرى بولۇشى كېرەك». ھازىر بىزدە بالىلىرىمىزنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە سەل قاراشتەك ئەھۋال مەۋجۇت. بالا قانچە ئەقىللىق بولۇپ، دەرسلەرنى ياخشى ئۆگەنگىنى بىلەن ئەخلاق-پەزىلىتى ناچار بولسا، جەمئىيەتكە يارامسىز ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. بۇ

ھەققىدە بېرىخوۋن: «بالاڭلارنى ئاساسلىقى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلەڭلار، ئادىمىي يۇل بىلەن ئەمەس، پەقەت ئەخلاق بىلەن بەختلىك بولالايدۇ، مانا بۇ، مېنىڭ تەجرىبەم» دېگەنىدى.

ھازىر شەھەرلەردە بالىلارنى مەكتەپ يېشىغا يەتكىچە يەسلىدە تەربىيىلەش خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. يەسلى تەربىيىسى ئائىلە تەربىيىسىگە ئوخشاشلا مۇھىم. يەسلىگە كىرگەن بالىلار تۇنجى قېتىم مۇستەقىل ۋە كوللېكتىپ تۇرمۇشقا قەدەم قويىدۇ. ئائىلىدە تاماقنى ئاتا-ئانىسى ياكى چوڭلار يېگۈزۈپ قويىدىغان بولسا، ئەندى ئۆزى يەيدىغان بولىدۇ، كىيىم-كېچەكنى ئۆزى كىيىدۇ؛ بۇرۇن ئائىلىسىدە يالغۇز ئۆزى كىچىك بالا بولغان بولسا، ئەندى بالىلار توپى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ؛ ئويۇنچۇقلارنى ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز ئوينىغان بولسا، يەسلىدە باشقا كىچىك دوستلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئوينايدۇ. بۇ مەزگىلدە بالىلارغا باشقا كىچىك دوستلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئورۇنشاسلىق، تىللاشماسلىق، بىر-بىرىگە يول قويۇش، تاماق ۋاقتىدا رەتلىك ئولتۇرۇپ، تاماقنى چاچماي يېيىش. ئىسراپ قىلماسلىق. تازىلىققا رىئايە قىلىپ پاكىزە يۈرۈش قاتارلىق تەربىيىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. يەسلى تەربىيىسى — يەسلى تەربىيىچىلىرىدىن بىرقەدەر سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆيىدە خالىغىنىنى قىلىپ، تاماقنى خالىسا يەپ، خالىمىسا ئۇششاق-چۈشەك نەرسىلەرنى يەپ، ئۆزى خان، ئۆزى بەگكە ئۆگىنىپ قالغان بالىلارنى مەلۇم تەرتىپ-تۈزۈم ئاستىغا ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى رەتكە چۈشۈرۈش، كوللېكتىپ تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇش يەسلى تەربىيىچىلىرىنىڭ سەۋرچانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن جاپالىق ئىشلەيدىغان تەربىيىۋى خىزمىتى. يەسلى تەربىيىچىلىرىدە يەسلىدىكى بارلىق بالىلارنى ئوخشاش كۆرىدىغان پوزىتسىيە بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر تونۇشلىرىنىڭ بالىلىرىغا ياكى يۇۋاش، چىرايلىقراق كىيىندۈرگەن بالىلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، باشقا بالىلارغا باشقىچە مۇئامىلىدە بولسا، بۇ شۇ بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يەسلىگە بېرىشنى خالىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ-دە، بالىنىڭ كۆڭلىگە بىلىپ-بىلمەي كىر قوندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا يەسلى تەربىيىچىلىرىدە مېھرىبان ئانىنىڭ بىر چىنە سۈتنى تەڭ كۆتۈرىدىغان پاك قەلبى بولۇشى كېرەك. ھازىر بەزى ئىدارە-ئورگان يەسلىلىرىدە مۇنتىزىم تەربىيەلەنمىگەن، ساپاسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان تەربىيىچىلەر خېلى سانىنى ئىگىلەيدۇ. بالىلارنىڭ يەسلى تەربىيىسىدە خېلى ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇت. يەسلى تەربىيىچىلىرىنىڭ كۆزىگە سىغمىغان بالىلارنى سىلكىشى، قورقىتىپ تاماقلاندۇرۇش، ئۇخلىتىشتەك ئەھۋاللار خېلى ئومۇميۈزلۈك. بۇنداق ئەھۋاللار تۈزىتىلمىسە، بالىلار روھىي جەھەتتە بېسىم ھېس قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىق ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئاتا-ئانىلار، بالىنى يەسلىگە بەردىم، يەسلىدە تەربىيىلىگۈچىلەر بار، ئۇلار قارايدۇ دەپلا قالماي، بالىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى، مەسىلە بارلىقىنى سەزگەندە، مۇناسىۋەتلىك تەربىيىچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، بالىنى جۇشقۇن، روھلۇق تەربىيىلەش، يەسلىنى ئۆز ئائىلىسىدەك، تەربىيىچىلەرنى ئۆز ئانىسىدەك ھېس قىلدۇرۇش جەھەتتە بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى لازىم.

بالىلار چوڭلارنىڭ ۋە تەربىيىچىلەرنىڭ ھەربىر قارىشىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. بۇ ھەقتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مائارىپچىسى كالىنىن مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلىش كېرەككى، دۇنيادا بالىلارنىڭ كۆزىدىنمۇ ئۆتكۈر، سەزگۈر ھېچنەرسە يوق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەرگىمۇ ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ، كۆز ئارقىلىق ئەڭ ئۇششاق ئىشلارنى بايقىۋېلىشتا، ھەرقانداق ئادەم بالىلارغا يېتەلمەيدۇ.»

مەكتەپ تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى ۋە يەسلى تەربىيىسىگە ئۇلاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيىدۇر. ئۇ ئۆسمۈرلەرگە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەخسىي ئارزۇسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن مائارىپ فاڭجېنى ۋە پارتىيىنىڭ مەكتەپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىياسەتلىرى بويىچە، تەربىيىلەش نىشانىغا ئاساسەن پىلانلىق، بىسقۇچلۇق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئىلىم-پەن كىتابى بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا پەيدىن-پەي سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، ئۇلاردا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرىدىغان تەربىيىدۇر. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنلەرنى «كۆزى ئوچۇق قارىغۇ»غا ئوخشىتىشى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئوخشىتىش.

مەكتەپ ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەن جەھەتتىكى تىلىنى چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇر ھەم ھەقىقىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ۋەتەنگە ۋە خەلققە يارامىلىق ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئورۇن. ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتكۈل مائارىپنىڭ تۈۋرۈك

باسقۇچى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار نەزىرىدىكى ئورنى ۋە نوپۇزى ھامان ئۆز ئاتا-ئانىلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا دوراپچىلىق كۈچلۈك بولۇشتەك بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك بار. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشى، ئىدىيىسى، ئەخلاق-پەزىلىتى، ھېسسىياتى قاتارلىقلارنى ھەمىشە بىلىپ-بىلمەي كۆزىتىدۇ، دوراپدۇ، تەقلىد قىلىدۇ. بالىلار دوراشنى ياقتۇرىدۇ. لېكىن دورىغىنىنىڭ توغرا-خاتا بولۇشىنى تازا بىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ باسقۇچتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى كىشىلىك ھاياتىدىكى ئاچقۇچلۇق دەۋر، بۇ بالىنىڭ بالىلىق، دەۋرىدىن ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدىغان مەزگىلى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى دوراش مۇئەييەن تاللاش ۋە ئاڭلىقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار كۆزىتىش ئارقىلىق ئۆز نەزىرىدە نوپۇزلۇق بولغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا دوراپدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۈلگە بولۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بالىلارغا، ئۆسمۈرلەرگە مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ باشلىنىشى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ تاماملىنىشى دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، بىز ئاتا-ئانىلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. بالىلارنىڭ باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدىكى مەشغۇلات ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئائىلىدە بولىدۇ، ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ دەۋردە ئائىلىدە بولغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىغا مەسئۇل بولۇشى، بالىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنىمۇ ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىگىلەپ، مەكتەپ تەربىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىشى لازىم. ھازىر كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاق-پەزىلىتى قانداق، دوستلىرى كىملەر، يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزلىرى قانداق، ئىشلىتىۋاتقان ئوقۇش سايمانلىرى ئۆزلىرى ئېلىپ بەرگەنمۇ-قانداق قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئېتىبارسىز قارايدۇ. ھەتتا بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ قايسى سىنىپتا ئوقۇيدىغانلىقى، سىنىپ مەسئۇلىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ھازىر مەكتەپلەردە ئاتا-ئانىلار مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. بۇمۇ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇش، ئاتا-ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتىكى ياخشى شەكىل. ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىمىزدىن بىرەر ناچار ئەھۋال سەزسەك ۋاقتىدا تەربىيە بېرىشىمىز، ئەھۋال ئېغىرراق بولسا، بالامنىڭ مەكتەپتىكى يۈزى چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، بالىنىڭ كەمچىلىكىگە قانات ياپماستىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە، بالىلارنىڭ دوستلىرى بىلەن قىلىشىدىغان سۆزلىرى ئاتا-ئانىسى بىلەن قىلىشىدىغان سۆزىدىن كۆپ ۋە چوڭقۇر بولىدۇ، دوستلىرىغا بەرگەن ۋەدىسى ئاتا-ئانىسىغا بەرگەن ۋەدىسىدىن چىڭ بولىدۇ. شۇڭا دوستلىرىنىڭ بالىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ دوستلىرى ھەقىقەتەن ياخشى بالا بولىدىغان بولسا، بالىغا بولغان تەسىرى ياخشى بولىدۇ. ئارىلىشىدىغان بالىلار ئانچە ياخشى بالا بولمىسا، ئۇنى يامان يولغا باشلاپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بىز ئاتا-ئانىلار بۇ مەزگىلدە بالىنىڭ دوستلىرىنى ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ، يامان بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ قالغان بولسا بالىمىزغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ قايىل قىلىشىمىز لازىم. كونىلارنىڭ «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دېگەن سۆزى ئاساسسىز سۆز ئەمەس.

ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئاتا-ئانا بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئاتا-ئانىلار پۇرسەت چىقىرىپ ئوقۇتقۇچىدىن بالىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئائىلە سۆھبىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىدىكى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى زۆرۈر.

جەمئىيەت تەربىيىسى — بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى يارامىلىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپ، بالىلارغا، ئۆسمۈرلەرگە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق مۇھىت يارىتىپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. مەكتەپ بىلەن ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر ھۈجەيرىسى بولغاچقا، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئائىلە تەربىيىسى — جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

بالىلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يولۇقىدىغان ئىشلىرى كۆپىيىدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ئالاقىسى كۆپىيىدۇ، تەپەككۇرى چوڭقۇرلىشىدۇ، ئۇلار كەڭ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە شۇ دەۋردىكى قائىدىن،

سىلسىلەر، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە ماتارىپ تەرەققىياتلىرى، ئىجتىمائىي كەيپىيات، جامائەت پىكرى، ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، ئەدەب-ئەخلاق قارىشى قاتارلىقلار زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل تەسىرلەر بالىلارغا ئۈزلۈكسىز سىڭىپ بارىدۇ.

مەن بۇ ماقالىمدە ئاساسلىقى ئىجتىمائىي كەيپىيات، جەمئىيەت ئەخلاقى، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردە بالىلارغا ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ، بالىلارنى ۋەتەننى سۆيىدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئىنتىزامچان يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

ھازىر ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئورنىتىلىۋاتىدۇ. بۇ ئېلىمىزنىڭ جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئائىلىلەردە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇلار، ھەتتا سىنئالغۇلار پەيدا بولدى. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشقا ئەگىشىپ، چەت ئەللەرنىڭ ۋە باشقا جايلارنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى كىرىش بىلەن بىرگە يەنە ئانچە ساغلام بولمىغان نەرسىلەرمۇ كىردى. خۇددى دېڭ شياۋپىڭ دېگەندەك: ئىشىكنى ئېچىۋىدۇق، ساپ ھاۋاغا ئەگىشىپ بەزى چىۋىنلەرمۇ كىردى. بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. ھەممىدە پۇلغا قارايدىغان، ھەتتا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلەي دەۋاتقان ئادەمنى قۇتقۇزۇشتا، قاشتا تۇرغان بەزى ئادەملەر قۇتقۇزۇش باھاسىنى تالىشىدىغان ئېچىنارلىق ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. بۇ خىل ئەھۋاللار ياش ئۆسمۈرلەرگىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئاتا-ئانىسى بىلەنمۇ سودىلىشىدىغان بالىلار مەيدانغا كەلدى. ھازىر بەزى ئاتا-ئانىلار، بىز ئىلگىرى گەرچە زاغرا نانغىمۇ تويماي ئۆتكەن بولساقمۇ، لېكىن كۆڭلىمىز خاتىرجەم ئىدى، بالىلىرىمىزدىن قىلچە غەم قىلمايتتۇق. ھازىر تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، زاغرا نان يېمەيدىغان بولدۇق، لېكىن كۆڭلىمىز دەككە-دۈككىدە، بالىلىرىمىزدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيمىز. ھازىر بالىلىرىمىز خىروئىن چەكمىسىلا، نېمە قىلسا مەيلى دەيدىغان بولدۇق، دېيىشىدۇ. بۇنىڭدەك ئازابلىق سادا، پەرزەنتلەرگە قويۇلغان نەقەدەر تۆۋەن تەلەپ-ھە.

ھازىر تېلېۋىزىيە قاناللىرىمىزنى چەت ئەلنىڭ تۇرمۇش فىلىملىرى، شياڭگاڭ، تەيۋەننىڭ چاماباشچىلىق فىلىملىرى قاپلاپ كەتتى، بالىلار فىلىملىرى تولىمۇ ئاز. جەمئىيەت بالىلارغا ئىجابىي تەربىيە بېرىدىغان، ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر.

بىرىنچىدىن، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بۇ جەھەتتە قانۇن-نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش لازىم.

1993-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۆتىنچى سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى"نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ 11-ماددىسىنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى تارماقلىرىدا: «شەھۋانىيلىق، زوراۋانلىق، فېئودال خۇراپاتلىق تەشۋىق قىلىنغان گېزىت-ژۇرنال، كىتاب ۋە ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى ئوقۇش، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش؛ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرىشنى توسۇش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن بۇ قانۇننىڭ بىزدە ئىجرا قىلىنىشى دېگەندەك ياخشى بولمايۋاتىدۇ. مەزكۇر قانۇننىڭ 25-ماددىسىدا «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شارائىت يارىتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنى، ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ ۋە ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ياكى پۇقرالارنى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشكە پايدىلىق بولغان كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددىنىڭ ئىجراسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تېگىشلىك.

ھازىر بەزى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇش چارىلىرى مۇكەممەل ئەمەس. شياڭگاڭدا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق سورۇنلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدا «16 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ كىرىشى چەكلىنىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي بار ئىكەن، ھەمدە بىر كىشى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، كىرگەنلەرنىڭ سالاھىيەت كېنىشكىسىنى تەكشۈرىدىكەن (شياڭگاڭ قانۇنىدا 16 ياشقا كىرگەن بالىلار يېتىلدى دەپ قارىلىپ، سالاھىيەت كېنىشكىسى تارقىتىپ

بېرىلىدىكەن) . سالاھىيەت كېنىشكىسى ئالمىغانلارنى مۇنداق سورۇنلارغا كىرگۈزمەيدىكەن. ئۈرۈمچىدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق سورۇنلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مۇنداق خەت كۆرۈلمەيدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ، بالام بۈگۈن مەكتەپكە بارماي ئېلېكترون ئويۇنچۇق ئويناپتۇ، چاقلىق كانكى تېپىلىپتۇ، دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم. مانا مۇشۇ ئورۇنلارنىڭ خوجايىنلىرى پۇل تېپىشنىلا ئويلاپ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئوغرىلاۋاتقىنى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئۆگىنىش مەزگىلىدە بۇ خىل سورۇنلارغا كىرىشىنى قەتئىي چەكلەش لازىم.

ئىككىنچىدىن، بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بالىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر ۋە خەلق سۆيەر، ئەمگەك سۆيەر بولۇپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇشى لازىم.

ئۆيدە كىچىك بالا بولمىغاچ، ئويۇنچۇق بازىرىغا بارمىغىلى خېلى يىللار بوپتۇ. لېكىن 1996-يىلى 9-ئىيۇن ئاياللار گېزىتى (خەنزۇچە)گە بېسىلغان «ئويۇنچۇقمۇ ياكى زەھەرلىك بويۇممۇ» سەرلەۋھىلىك يوشۇرۇن زىيارەت خاتىرىسى مېنى ھەيران قالدۇردى. مۇخبىر بېيجىڭدىكى ئويۇنچۇق بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ يازغان بۇ ماقالىسىدا مۇنۇلار يېزىلغان، ھازىر بازىرى ئىتتىك ئويۇنچۇقلار — ناتسىستلارنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن تانكا ئويۇنچۇقلار... ھەتتا بىر تانكا ئويۇنچۇقنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئېنىق قىلىپ «گېرمانىيە بولۋاس» ناملىق 6-نومۇرلۇق تانكىسى — گېرمانىيە ئارمىيىسى برونېۋىك دېۋىزىيىسىنىڭ ئاساسلىق تانكىسى بولغان 4-نومۇرلۇق تانكىسى ئاساسىدا ياساپ چىقىلغان، ئۇنىڭغا 88 مىللىمېترلىق زەمبىرەك قاچىلىنىدۇ. زەربە بېرىش كۈچى 4-نومۇرلۇق تانكىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور... بۇ تانكا دەسلەپتە لېنىنگراد ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق كۈچىنى جارى قىلدۇرغان... دەپ يېزىلىپتۇ. شۇنداقلا قۇتىنىڭ يان تەرىپىگە گېرمانىيە ئارمىيىسى ناتسىستلار ملادىشى لېيتېنانتىنىڭ 10 سانتىمېتر ئېگىزلىكتىكى سۈرىتى بېسىلغان بولۇپ، بۇ سۈرەتنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە «ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ 138 تانكىسىنى يوقاتقان، 55501 ئېغىر تىپلىق تانكا ئەترىتى 2-ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ دۇيجاڭى، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا جانلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان» دەپ يېزىلىپتۇ. ھەممىدە ئۇنىڭ بېلىكىگە گىتلېر دېۋىزىيىسىنىڭ بەلگىسى، ئالدىغا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تۆمۈر كرېست بەلگىلىك ئوردېنى، تانكا جېڭى ئوردېنى ۋە جەڭدە يارىدار بولغانلىق ئوردېنى قاتارلىقلار ئېسىلىپتۇ.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە بۇ ئويۇنچۇقلار موديلى پۈتۈنلەي ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنىپ، جۇڭگو خۇۋېن (فۇجىيەن) ئويۇنچۇق ھەمسىدارلىق شىركىتىدە قۇراشتۇرۇلىدىكەن. بۇ شىركەتنىڭ بېيجىڭدە مەخسۇس تىجارەت قىلىش-سېتىشقا مەسئۇل ئىش بېجىرىش ئورنى بار ئىكەن. مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئالاقىلىشىش نۇقتىلىرى بار ئىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئوقۇغان كىشى ئەجەبلەنمەي تۇرالمايدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن بۇ جاللاتنى، ھەممىدە بۇ جاللات ئىشلەتكەن، سانسىز بىگۇناھ ئىنسانلارنى قىرغان بۇ تانكىنى بۈگۈنكى كۈندە ئۆسمۈر بالىلىرىمىزغا تەشۋىق قىلىشتىكى مەقسەت نېمە؟ سەۋەب بالىلارغا قايسى ئىدىيىنى سىڭدۈرمەكچى؟ بالىلار ئويۇنچۇقلىرى ئوينايدىغانلا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇمۇ بىر خىل تەربىيە قورالى. بىز چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ قەھرىمانلار ئىشلەتكەن قوراللار تەقلىد قىلىنىدىغان زامانىۋى ئويۇنچۇقلارنى ياساپ، شۇ ئارقىلىق ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلىشىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىيات ئورۇنلىرى بالىلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئەمگەكچان، ئىنتىزامچان، قەيسەر بولۇشقا ئۈندەيدىغان، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ قەھرىمانلىرى نامايان قىلىنغان، بالىلار قىزىقىپ ئوقۇيدىغان، كۆرىدىغان ھېكايە، چۆچەك، رومان، سەھنە ئەسەرلىرى، تىياتىر، كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى يېزىپ چىقىش، نەشر قىلىش ۋە سەھنىلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، بالىلارغا ئۆز مىللىتىمىزنىڭ يىشۇ، خېيمەنلىرىنى سوۋغا قىلىشى لازىم. ئەجەبا بىزدە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدھىلەشكە تېگىشلىك بالا قەھرىمانلىرىمىز يوقمۇ؟

بالىلارنى كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق قۇرغۇچىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، ياشلارنى تالىشىش كۈرىشى يەنىلا مەۋجۇت، ھەتتا بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتىدۇ، كەسكىنلىشىۋاتىدۇ، ياش ئۆسمۈرلەر كىمنىڭ قولىدا بولسا، كېلەچەك شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغاندىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

ياش ئۆسمۈر بالىلار دۆلىتىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىدى ۋە كەلگۈسى. ئېلىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك ۋە مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى بالىلار، ئۆسمۈرلەر 21-ئەسىردىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تايانچ قوشۇنى. ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسى، ئىدىيە-ئەخلاق پەزىلىتى ئېلىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي قىياپىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىردىن باشلاپ ئۇلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان ۋە بىلىملىك بىر ئەۋلاد كىشىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. بىز ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارساقلا، بۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز. شۇڭا بۇ ئۈچ تەربىيىنىڭ ھېچقايسىسىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى تۇرغۇزۇش ھەققىدە

گۈلنار ئىسمائىل

تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدا ئىناۋىتى تۆۋەن ئادەمنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى ئادەمگە تەربىيە بېرىشى تەسكە چۈشكەندەك، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتىشىدىمۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى تەلىم - تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلار ئىناۋىتى بار ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ئىستايىدىل ئاڭلايدۇ، پىكرىنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئىناۋەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ گەپ - سۆزى، ئىش ھەرىكەتلىرىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا ئۆزىنى پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەممىشە بالىلار بىلەن بىللە بولۇپ تەربىيىلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەينىدىنلا يۈرۈش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر ۋە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويغان ئاساستا، ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەگەر تەربىيىلىگۈچى ئاۋۋال بۇ ھەقتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تۇرغۇزمىسىدىن، ھەددىسىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈشكە يول قويمىسا، ئوقۇغۇچىلار شۇ ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن باشقىچە خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەن دەرسىنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىدىن بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق جەمئىيەتكە خىزمەتكە چىقىش ئالدىدىكى ئاساسنى ياخشى سېلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنى ئورۇنلاش، سۆزلىگەن دەرسىنى ئاڭلاش جەھەتلەردە بىر قەدەر تەشەببۇسكار، كۈچلۈك ئىنتىلىشتە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ماختىشى ياكى تەنقىت قىلىشى ئوقۇغۇچىدا مەلۇم دەرىجىدە ھېسسىيات قوزغايدۇ، ماختاش ياكى تەنقىدلەش ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ خاتالىقنى تۈزىتىشتە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنى ئىناۋەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ ماختىشى ياكى تەنقىدلىشى ئوقۇتقۇچىدا ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق ياكى خىجىللىق پەيدا قىلىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ھېسسى بىلىشىنى قوزغايدۇ - دە، ياخشى ئوقۇش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىناۋىتى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئازراقلا تەنقىدلەپ قويۇشى قالپىقى چوڭ، ئالىي ئۇنۋانى بار ئەمما ئىناۋىتى يوق ئوقۇتقۇچىنىڭ خېلى قاتتىق تىل ئاھانەتلىرى ۋە جازالىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىناۋەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا قويغان تەلىپى ئاسانلا ئوقۇغۇچىنىڭ ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئوقۇتقۇچى دېگەن ھەر قانداق نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈلگىسى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىمۇ ئوقۇتقۇچىنى ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى قىلىشنى خالايدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەت سىفەن مەكتەپلىرىنىڭ ۋەزىپىسى بولغاچقا، دەرس ئۆتۈشتە بولسۇن ۋە باشقا تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە بولسۇن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان، ئىناۋىتى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە «مەنمۇ خۇددى ئاشۇ ئوقۇتقۇچىدەك بىلىملىك ۋە ئىناۋەتلىك ئوقۇتقۇچى بولسام» دېگەنگە ئوخشاش ئارزۇ - ئۈمۈتلەرمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. توغرا، ئادەملەرنىڭ

ھەممىسى ھەممە تەرەپتە تەڭ تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىگەنلىكتىن، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممە جەھەتتە ئۈلگىلىك بولۇپ چىقىشى ناتايىن قىيىن. زور كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاساسەن ئايرىم تەرەپتىلا ئۈلگە تاپالايدۇ، لېكىن، ئۈلگىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىگە باغلىق ئىش بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقى، چوڭقۇر ھەم مۇكەممەل كەسپىي بىلىمگە شۇنىڭدەك لوگىكىلىق ئىقتىدارغا ئىگە ئالىيجاناب ئوقۇتقۇچىلار كۆپ تەرەپلىمە ئۈلگە تاپالايدۇ، ئۇنداقتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈلگىنى قانداق تىكلىنىپ چىقىدۇ؟

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈشى كېرەك، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈلگە قازىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت، ئوقۇغۇچىنى قىزغىن سۆيۈش ئوقۇتقۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم پەزىلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تەرەپلەر ئوقۇتقۇچىنىڭ قالاق، ئىنتىزامنى بۇزىدىغان، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىۋېلىپلا بىلگىنىنى قىلىدىغان، نەتىجىسى تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئاسانلا ئىپادىلىنىپ قالىدۇ، بۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئادەتتە ئوقۇغۇچىنى قىزغىن سۆيىدىغان سۆيمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم سىناق، چۈنكى، ئوقۇغۇچى گەرچە بەزى تەرەپلەردە يېتەرسىز بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىز تەلپۈنىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ ئەزاسى ۋە بىزنىڭ مىللىي قېرىنداشىمىز، مۇقەددەس روھى ئىنژېنېر نامىدا ئاتىلىۋاتقان بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلەپ، سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق مۇقەددەس بۇرچىمىز. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈلگە تىكلىشىدىكى يەنە بىر ئاساسىي شەرت ئوقۇتقۇچىلاردا ئالىيجاناب ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ۋە مۇكەممەل كەسپىي قابىلىيەتنىڭ بولۇشىدۇر. بىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن. يىراق، نامرات جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردا چوڭ شەھەرگە كېلىش بىلەنلا ئالاھىدە قىزىقىش ۋە ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغان ۋاقتىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبى، سۆز ـ ھەرىكىتى، تۈزۈم ـ ئىنتىزاملارغا رىئايە قىلىشىدىكى ئاڭلىقلىقى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئوقۇتقۇچىدىكى رەتلىك كىيىنىش، يۈرۈش تۇرۇش، گەپ سۆزلەردە شاللاق، قوپال بولماسلىق، ئاددىي ـ ساددا، پاكىز ياشاش، خۇشخۇي، مۇلايىم بولۇش قاتارلىقلارمۇ ئوقۇتقۇچى ئۈلگىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالاھىدە مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئالىي مەكتەپتىكى ھەر بىر ئوقۇتقۇچى يۇقىرى ئۈلگىگە ئىگە بولىمەن دېمىدىكەن ئالدى بىلەن تۇرمۇش ئۇسلۇبى، سۆز ھەرىكىتىنىڭ گۈزەل بولۇشى، قانۇن ـ تۈزۈم ئىنتىزامغا بويسۇنۇشتىكى نەمۇنىلىك پائالىيەتلىرى، ئادەتتىكى يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە ئۈلگە كۆرسىتىشى، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلىتى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تەبىئىي ھالدا قايىل قىلىشى لازىم.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرغان تۇنجى تەسىرى ئوقۇتقۇچى ئۈلگىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرگەن چاغدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن تەسىرى كۆپ ھاللاردا ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا سىنالىش نەزىرى بىلەن سەپ سالىدۇ، ئۇنىڭ كەسپىي بىلىمى، مىجەز خاراكتېرى، سۆزلىرىنىڭ مەنتىقىلىق بولۇش ـ بولماسلىقى، سالاپەتلىك، رەتلىك، يېقىملىق كۆرۈنۈش ـ كۆرۈنمەسلىكى قاتارلىقلارغا باھا بېرىشكە ئىنتىلىدۇ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي بىلىمىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئۈستىدە ئۆز ئارا پىكىرلىشىپ قانداق باھا بېرىشكە ئالدىرايدۇ، شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۇنجى قېتىمدا ئۇچراشقاندا ئۇلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىسىلا، تەبىئىيكى تېزلا ئۈلگىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ مۇھىم ھالقىغا ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى سىفەن، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ دىققەت قىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئوقۇتقۇچى ئۈلگىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنسى پەرقى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئالىي مەكتەپنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى، كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى، ئوقۇتۇش مېتودى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش جەھەتلەردە بىرەر مۇقىم قاراشقا ئىگە بولالمىسىمۇ، ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن قىزىقىش ھەم ئىنتىلىش مۇناسىۋىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار دەسلەپكى قەدەمدىلا ئوچۇق ـ يورۇق، قىزغىن، كۆيۈمچان، قاتتىق ئىنتىزامچان ۋە ئۇسلۇبى پاك بولۇشنى ئىپادىلىيەلىشى كېرەك، مانا بۇلار ئوقۇغۇچىلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈلگە تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يۇقىرى يىللىقلارغا ئۆرلىگەنسېرى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا، بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلاردا

ئوقۇتقۇچىنى تەھلىل قىلىش، باھالاش، ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى، ئەخلاق پەزىلىتى قاتارلىقلارغا ھەقىقىي ئېنىق توغرا باھا بېرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئەخلاق پەزىلىتى، چوڭقۇر كەسپىي بىلىمى، كەڭ دائىرىدىكى ۋە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان پىداگوگىكىلىق قابىلىيىتى قاتارلىقلار يۇقىرى ئىناۋەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ يۇقىرى يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە يېڭى ئالىي مەكتەپكە كەلگەن ۋاقتىدىكىدەك كىچىك باللارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى «ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق» دەپ ھېسابلايدۇ، شۇڭا، بۇنداق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە دەخلى يەتكۈزمەيدىغان شەكىل بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار سىنىپ مەسئۇلى بولغاندىن كېيىن، تۆۋەن يىللىقلاردا قاتتىق مەسئۇل بولۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن كارى بولمىسا ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنسى پەرقى، قىزىقىشى، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە ئىشلىرىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىلھام بېرىشتە يۇقىرى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىسا، بۇنداق ئوقۇتقۇچى ھەر قانچە بىلىملىك بولۇپ كەتسىمۇ ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە داۋاملىق توسالغۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

بەزى ئالىي مەكتەپلەردە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارغا قارىغاندا ئايرىم ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىناۋىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ، چۈنكى بىر قىسىم پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئۇنۋانى، يېشىنىڭ چوڭ بولۇشى، مۇۋاپىق تۈردە يېتىلدۈرگەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز خىزمىتىنى «مۇۋەپپەقىيەتلىك» ئورۇنلاش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب پېشقەدەملەر ئۆتمۈشتىكى ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، جاپالىق ئوقۇش ھاياتى، ئاددىي - ساددىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ھېسابقا ئېلىپلا، ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ، ھەمدە ئۆزىگە سېلىشتۇرغاندا بۈگۈنكى زاماندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن ئەۋزەل شارائىتىنى ھېسابقا ئېلىپ «ئۆز ئۆزىنى تەنقىت قىلىپ كېتەلەيدۇ» دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ نازۇك تەرەپلىرىگە دىققەت قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىدە چۈشەنمەسلىك پەيدا بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوقۇتقۇچى ئىناۋىتىنىڭ تىكلىنىشىدىكى يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، بۇ ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق سېزىمى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، مىللىي ئۆرپ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئوقۇتقۇچىلار ھازىرقى «يېڭى مودا»نى قوبۇل قىلدىم دەپ ئۆزىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويماسلىقى، ئوقۇغۇچىلارغا قالايمىقان چاقچاقلارنى قىلماسلىقى، ھاراق ئىچىپ سىنىپ ئىچىگە كىرمەسلىكى، دەرس ئۆتۈۋېتىپ تاماكا چەكمەسلىكى كېرەك. ئايال ئوقۇتقۇچىلارمۇ يۇقىرىقى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە چېكىدىن ئاشقان گىرىملەرنى قىلىپ سىنىپقا كىرمەسلىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان، كۆزگە سىغمايدىغان رەڭلەردىكى غەيرىي كىيىملەرنى مۇمكىن قەدەر سىنىپقا كىيىپ كىرمەسلىكى كېرەك، ئەگەر ئوقۇتقۇچى بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلمىغاندا ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىدىن ئەجايىپ تەرەپلەرنى ئۆگەنمەي، سەلبىي، چاكىنا تەرەپلەرنى ئۆگىنىپ قالىدۇ، بۇمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئوقۇتقۇچى ئىناۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى گويا ئېقىمغا قارشى ماڭغان كېمىگە ئوخشايدۇ، كېمە ئالدىغا ماڭمىسا چوقۇم ئارقىغا چېكىنىدۇ، ئوقۇتقۇچى تەلىم-تەربىيە داۋامىدا ئۆز ئىناۋىتىنى سۈنئىي ھالدا ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ھالدا ئاتا - ئانىلارچە مېھرى يەتكۈزۈش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر، شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئۆز ئىناۋىتىنى ساقلاش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىمى ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت قىلىش روھىغا باي بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشى، ئۆزىنىڭ ھەر بىر سۆز ھەرىكىتىنىڭ ئوقۇغۇچىغا بېرىدىغان تەسىرىنى ھەر دائىم نەزەردە تۇتۇشى، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قارىغۇلارچە ئىش ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىشى، مەسىلىلەرنى ئېغىر بېسىقلىق، سالماقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، شاللاقلىق، چاكىنىلىقتىن ساقلىنىپ، مەكتەپنى ئۆز ئائىلىسى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز بالىسىدەك بىلگەندە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەقىقىي ئۆلمەيدىغان ئىناۋىتىنى، ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان نۇرانە ئابىدىسىنى تىكلىگىلى بولىدۇ.

# ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە «ماسلاشتۇرۇش» توغرىسىدا

ئابلىكىم نۇرمەمەت

ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئومۇمىيۈزلۈك تەكىتلىنىۋاتقان بىرخىل يۈزلىنىش بولسىمۇ، لېكىن ئاخبارات تاۋارلاشمىغان ئېلىمىزدە ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە قانداق ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتا چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ھەممىگە مەلۇم، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخبارات پائالىيىتى ئۇزۇندىن بۇيان دۆلەتنىڭ بەلگىلىمە دائىرىسى ئىچىدە دۆلەت راسخودىغا تايىنىش ئارقىلىق پەقەت ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىلا تەكىتلەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە سەل قاراپ كەلدى. بۇ خىل دۆلەت كۆتۈرگە ئېلىۋالغان ئاخبارات پائالىيىتى يۇقىرىدىن مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، نۆۋەتتە يولغا قويۇلىۋاتقان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كەلمىدى. ئېلىمىزدە ئىسلاھات كەڭ يولغا قويۇلۇپ، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي نىشانى بازار ئىگىلىكىنى ئۆلگە قىلىشقا يۈزلەندى. بۇ خىل رېئاللىق شارائىت ئاستىدا ئۇچۇر كەسپىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئاخبارات خەۋەرچىلىك ئىشلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئۈچ خىل ئوخشىمىغان قاراش بولۇپ، بىرى، ئاخبارات تاۋار ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ قاراش. يەنە بىرى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئاخبارات تاۋار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخبارات خەۋەرلىرى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش لازىم دەپ قاراش. ئۈچىنچىسى، ئاخبارات تاۋار ئەمەس، لېكىن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بازار مېخانىزمى ئاخبارات پائالىيىتىگە قارىتا تەڭشەش، يەنى رىتىكە سېلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قاراش. بىزنىڭچە بۇ ئۈچ خىل قاراش ئىچىدە ئۈچىنچى خىل قاراش بىر قەدەر ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئاخبارات پائالىيىتىنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتىنى بىر قەدەر تولۇق شەرھىلەپ بەرگەن. ھەممىزگە ئايانكى، ئاخبارات پائالىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك سىنىپىيلىككە ئىگە بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت، ھەر قانداق بىر سىنىپنىڭ ئاخبارات پائالىيىتى چوقۇم ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پرولېتارىيات ئاخبارات پائالىيىتىمۇ چوقۇم پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاخباراتنىڭ بۇ خىل سىنىپىيلىق پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، ھەر قانداق بىر سىنىپنىڭ ئاخباراتى ئالدى بىلەن ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەت تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئىقتىساد نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئاخباراتنىڭ قىممىتى يەنىلا ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان - قىلمىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ماركسىزملىق تاۋار ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر قانداق بىر خىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى باشقىلار ئۈچۈن بولىدۇ، ئۆزى ئۈمىد قىلىپ ئېرىشكىنى پەقەت تاۋارنىڭ قىممىتى بولىدۇ، يەنى باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغان ئەمگەك ياكى مەھسۇلاتلار ئاندىن تاۋار بولالايدۇ. ئەكسىچە ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مۇلازىمەت ياكى مەھسۇلات تاۋار بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئاخبارات (مەھسۇلاتلىرى) خەۋەرلىرى تاۋار ئەمەس. بىراق شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئېلىمىز ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تاۋار ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەكمۇ، لېكىن بازار مېخانىزمىنىڭ ئاخبارات پائالىيىتىدىكى تەڭشەش رولىنى يەنىلا ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازار مېخانىزمى بارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاخبارات پائالىيىتىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ ئاخبارات پائالىيىتىدىكى تەڭشەش رولى، ئاخبارات مەزمۇنىنى تاللاش ۋە ئاخبارات نىشانىنى بەلگىلەش جەھەتتە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئاخبارات پائالىيەت راسخودىنى ئىشلىتىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. كوللېكتىپ ئىگىلىك شارائىتىدا، ئاخبارات پائالىيىتىگە كېتىدىغان راسخود بازار بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، بارلىق راسخود ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. لېكىن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تاۋارلارنىڭ باھاسى بازار رىقابىتىگە ئاساسەن تەلەپ - تەمىنلەشنى ئاساس قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئوخشاش بىر خىل راسخودنىڭ ئوخشىمىغان مۇھىت ۋە شارائىت ئاستىدا ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر خىل ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا كېتىدىغان راسخودنى ئېلىپ ئېيتساق، بازار باھاسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى ئاستىدا ئاخبارات پائالىيىتىگە كېرەكلىك بولغان ھەر خىل ئۈسكۈنىلەر خىراجىتى، مەيدانىنىڭ ئىجارە

ھەققى، مۇلازىمەت خىراجىتى قاتارلىقلار بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ. ئەگەر مال باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەۋاتقان شارائىتتا ئۆخشاش كۆلەمدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا كېتىدىغان چىقىم بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى لاھىيىلەشتە ئۈن ئالغۇ، سىن ئالغۇ، تەھرىرلەش ماشىنىسى ھەمدە باشقا ئۈسكۈنىلەرنىڭ بازار باھاسى ھەر قايسى مەزگىللەردە ئوخشاش بولمايدۇ. ئاخبارات خەۋەرلىرىنى لاھىيىلەشكە كېتىدىغان راسخودمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مانا بۇ، بازار مېخانىزمىنىڭ ئاخبارات پائالىيىتىگە قارىتا تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، بازار مېخانىزمىنىڭ ئاخبارات پائالىيىتىگە قارىتا تەڭشەش رولىنىڭ ئىپادىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش — ئاخبارات زىيارىتى، ئاخبارات خەۋەرلىرىنى لاھىيىلەش ھەمدە تارقىتىش جەريانىدىكى مەبلەغ ۋە مەبلەغ مەنبەئى، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر، شۇنداقلا خىزمەتچى خادىملارنىڭ مۇۋاپىق تەشكىللىنىشى قاتارلىق جەريانلارنى بازار ئىگىلىكىگە ملس ھالدا تەڭشەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، تۆۋەن مەبلەغ شارائىتىدا يۇقىرى تەشۋىقات ئۈنۈمىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

ئېلىمىزدە ئاخبارات خەۋەرلىرىگە كېتىدىغان مەبلەغ ئاساسلىقى ئىككى خىل يول ئارقىلىق كېلىدۇ. بۇنىڭ بىرى، دۆلەت مالىيىسى ئاجراتقان مەبلەغ. يەنە بىرى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردەم مەبلىغى. ئادەتتە دۆلەت مالىيىسى مەخسۇس ئاجراتقان مەبلەغنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىش پرىنسىپى بويىچە ئاخبارات پائالىيىتىنى نورمال قانات يايدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردەم مەبلىغى ئاساسلىقى ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يېڭى سەھىپىلەرنى تەسىس قىلىش يۈزىسىدىن ئاجراتقان مەبلىغى. ئىككىنچىسى، تەشۋىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ «قوللاش ياردەم» راسخودى بولۇپ، تەشۋىقات ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تەشۋىقات پائالىيەت راسخودىنىڭ بىر قىسمى بولسا، ھەر خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىغا نىسبەتەن بۇ خىل مەبلەغ تەشۋىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ قوللاش ئۈچۈن قىلغان ياردىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق رېئال ئەھۋال ئاستىدا بەزى كىشىلەر بۇ تۈردىكى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى «ئاخبارات تاۋارلىرى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنداقتا بۇ مەسىلىگە قانداق قاراش كېرەك؟

بىرىنچى، تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، تاۋار چوقۇم مەلۇم قىممەتكە ۋە ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاخبارات تاۋار ئەمەس. بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان ئاخباراتنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش بولسا تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىمىغان. پەقەت «ئالاھىدە تەلەپ قىلغان» يەنى «قوللاپ ياردەم بەرگەن» ئاخبارات ئوبيېكتلىرىنىڭ مەبلىغىنى ھەر قايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئاخبارات پائالىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ئاخباراتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ھەممىگە ئايان، بارلىق ئاخبارات پائالىيىتى راسخودقا ئېھتىياجلىق، ئەگەر بۇ خىل ھادىسە قارا ـ قويۇقلا «ئاخبارات سېتىش» دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئېلىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى پۈتۈنلەي تاۋار بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئەھۋالنى «ئاخبارات سېتىش» دەپ قاراش توغرا ئەمەس. بۇنداق قارىغۇچىلار 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بۇرۇن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېڭى يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدە توختاپ قالغان. ئۇلار پەقەت ئاخبارات پائالىيىتىگە كېتىدىغان راسخودنىڭ بىر خىل شەكلىنى ۋە بىر خىل مەبلەغ يولىنى ئېتىراپ قىلىپ، كۆپ خىل شەكلىنى ۋە كۆپ خىل يول ئارقىلىق كېلىدىغان ئاخبارات راسخودىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى سەزگەن ياكى سەزمىگەن ئاساستا بىر خىل يول ئارقىلىق كېلىدىغان ئاخبارات مەبلەغ سىستېمىسىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ خىل ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشقان ئاخبارات پائالىيىتى تاۋارلاشمىغان ئاخبارات پائالىيىتى بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا «ئاخبارات سېتىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ كەڭ ـ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئاخبارات پائالىيىتى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ملس كېلىش ئۈچۈن، ئاخبارات پائالىيەتلىرىگە كېتىدىغان راسخودنى بىر خىل يول ئارقىلىق ھەل قىلىشتىن كۆپ خىل يول ئارقىلىق ھەل قىلىشقا يۈزلەندۈردى. بۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاخبارات پائالىيىتىگە قويغان بىر خىل يېڭى تەلىپى.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئاخبارات پائالىيىتىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيىتىدىن تەھلىل قىلغاندا، كۆپلىگەن پائالىيەتلەر بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازار ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلانسىمۇ، لېكىن ئاخبارات خەۋەرلىرى-نىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى، ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇش بولماستىن بەلكى ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن سالغان زۆرۈر مەبلىغى ياكى ئۆزى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا سالغان مەبلەغ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاخبارات قىممىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ھەر قانداق بىر خىل قىممەتكە ئىگە بولغان ئاخبارات خەۋەرلىرى رېئاللىققا ئايلىنىش جەريانىدا، مەلۇم ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، ۋە مالىيە كۈچى ئىسراپ بولىدۇ. بۇ خىل ئىستېمالنىڭ بىر قىسمىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى تەشۋىقات ئوبيېكتلىرى ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ بىر خىل نورمال ئەھۋال بولۇپ، «پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان ئاخبارات» قا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل چۈشەنچىنى ئارلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

دېمەك، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى،

ئاخبارات پائالىيىتى جەريانىدا تەشۋىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇۋاپىق راسخود تۆلىشى مەبلەغ كەمچىل بولۇۋاتقان نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ ئاخبارات خەۋەرلىرى زورۇر ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغنىڭ مۇھىم بىر كېلىش مەنبەئى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئاخبارات سېتىش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. شۇڭلاشقا، تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ھەر قايسى تەشۋىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋاپىق ياردەمگە ئېرىشىشى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاماللەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىراق، بىر قىسىم ئاخبارات ئورۇنلىرى ياكى شەخسلەر ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشنى باھانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن «ياردەم مەبلىغى»نى كۆپەيتىش ياكى ھەر قانداق خەۋەرلەردىن مەبلەغ تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىناۋىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. بۇ ھال كىشىلەرگە «ئاخبارات سېتىش»تۇيغۇسىنى بېرىپ قويدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەر قايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئاخبارات ساھەسىدىكى بۇ خىل كۆز بوياmachىلىق ھادىسىسىنىڭ ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا ھەر خىل يوللار ئارقىلىق توپلانغان راسخودنى دەل جايىغا ئىشلىتىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئاخباراتنىڭ چىنلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇشتا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ سېتىۋالغان ئۈسكىنىلىرى ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىشى، ئاخبارات پائالىيىتىنىڭ تەلىپى چوقۇم كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ۋە ئۈسكىنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىدا يەنى ئاخبارات پائالىيىتىدە مەبلەغ - ئۈسكۈنە بىر قەدەر مۇھىم بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئادەم، چۈنكى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇشتا چوقۇم ئاخبارات قورۇلۇشى قوشۇنىغا دىققەت قىلىپ، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنىڭدا مۇخبىرلار ۋە ئاخبارات خادىملىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ، نەزەرىيە جەھەتتە، سىستېمىلىق ئاخبارات بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئىقتىساد ئىلمى، بازار ئىلمى، باشقۇرۇش ئىلمى قاتارلىق ساھەلەردىمۇ ئەتراپلىق بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى، ئەمەلىيەت جەھەتتە مول ئاخبارات تەجرىبىسىگە ۋە بازار تىجارەت پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق ماھارەتلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم. بۇ خىل ئاساسىي ساپاغا ئىگە بولغان ئاخبارات خادىملىرى ئاخبارات پائالىتى جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇپ، ئاخبارات خەۋەرلىرىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرەلەيدۇ. لېكىن ئىقتىساد تەكشۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاخبارات ساھەسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر يەنە ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇشتا بىۋاستە پايدىنى كۆزلىشى لازىم. بىۋاستە پايدىنى كۆزلىمىگەن ئاخبارات خەۋەرلىرىنى ھەرگىزمۇ بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پايدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇش لازىم، دەپ قارايدۇ. بۇنداق دېگۈچىلەر ئاخباراتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشنى مۇتلەق پايدىغا ئېرىشىش بىلەن بىر قاتارغا قويىدۇ. ئادەتتە ھەر قانداق بىر كەسىپنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروت ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ پايدىنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ پايدا كۆرسەتكۈچى ماسلىشىش جەريانىدىكى بىر خىل مۇكەممەللىك يەنى سىستېما تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئاخبارات كەسپى بىر خىل مۇكەممەللىككە يەنى سىستېمىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھالقىدىكى «ماسلاشتۇرۇش» مۇلازىمىتى بىر پۈتۈن سىستېما ئىچىدە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ھالقىلار بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆزلەيدۇ. بەزى ھالقىلار بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆزلىمەي، بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا زۆرۈر شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاخبارات خەۋەرلىرى مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ بولۇپ، بىۋاستە پايدىنى كۆزلىمەيدۇ. بىراق ئۇنىڭ باشقۇرۇش ھالىتى باشقا پىروگراممىلارنى ياكى باشقا تەرەپتىكى باشقۇرۇش ھالىتىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، ئاخبارات خەۋەرلىرىنى باشقۇرۇش ئېلان پىروگراممىلىرى بىلەن نىھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر ئاخبارات خەۋەرلىرىنى «باشقۇرۇش» بىر قەدەر ياخشى بولسا، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئابرويىمۇ شۇنچە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ-دە، ئېلان ئىگىلىرى بۇ خىل ۋاستىلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئېلان ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىشنى خالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېلاندىن كەلگەن ئىقتىسادىي كىرىممۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى ئاخبارات خەۋەرلىرىمىزنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش، باشقا پىروگراممىلار-نى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ھەر قايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ئاساسىي نۇقتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا ئاخبارات كەسپىنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز - ئارا ماسلاشتۇرغاندىن باشقا، ئاخبارات خەۋەرلىرىنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇشنىڭ مەقسىدى ۋە نىشانىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاخبارات راسخودىنى تېجەش شەرتى ئاستىدا ئاخبارات خەۋەرلىرىنى نۆۋەتتىكى رېئاللىققا ماسلاشتۇرغىلى، ھەر قايسى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، باشقا پىروگراممىلارنى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇ-رۇش ئۈچۈن تاشقى شارائىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

# ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە

ئىسلامجان شېرىپ

## ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنى تەكىتلەش

## (1)

دانىشمەن ئادەملەرنىڭ ياشاشتىن مەقسىتى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھايات قېلىشتىن ئىبارەت. ئەمما، ئۆلگەندىن كېيىن ھايات قالىدىغان ئامىتلەر دانىشمەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە كېلىۋەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ يوق بولۇپ كېتىدىغان نەرسىلەرگە ئىنتائىتمەن بولۇپ قېلىپ، ئۇلۇغ ئىجادىيەتلەر ئالدىدا ئۆزىدىكى ئەڭ ياخشى خىسلەتلەرگە تايىنىپ ياشاشتىن داجىيىدىغان ئىرادىسى بوش ئادەملەر بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىم-پەندە كەشپىيات يارىتىش، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە ئىجاد قىلىش، تېخنىكا جەھەتتە ئىختىرا قىلىشقا ئوخشاش ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆستۈرۈپ بارىدىغان تۇرمۇش سەنئەتكارلىقى ساھەسىدە بۇنداق ئىرادىسىزلىك ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، تاڭلا، كۈنلەردىن كېيىن كىشىنى «ھەي، ئىسىت، چىڭ تۇرسام بوپتىكەن» دېگەن ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ. دۇنيادا نى، نى تالانتلىق كىشىلەر سەنئەتكارلىق (مەن تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىنى بېزەيدىغان بارلىق ئىجادىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى شۇنداق ئاتاۋاتىمەن) بابىدا تاپا-تەنە، غەيۋەت-شىكايەت، ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ باشقىلارغا پوپوزا قىلىدىغان ۋە ياكى ئۆمۈر بويى ئۆزى ئىجاد قىلمىسىمۇ، يالچاقلىرىنى ئىجاد قىلغانلارغا بەتلەپ يۈرىدىغان «ئالاھىدە مۇئەللىملەر» كەلتۈرىدىغان ئاۋارىچىلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالماي، نام-شەرەپلىرىنى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان. بىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن سەنئەتكارلىق ھاياتىمىزنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئالەمىنى گۈزەللىك روھى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي تاشقى قىياپىتىنى ۋە ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخىمۇ ئىلغار سەنئەتكارلىق تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشتا نېگىزلىك تەربىيىلىنىش بىلىملىرى بىلەن ئوچرىشالىساقمۇ، ئەمما، سەنئەتكارلىق روھى پىكىر-ھېسسىياتىمىزدا نىسبىي ئۆزگىرىشچان تۇرغانلىقتىن، ئىجادىيەت ئىرادىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئائىت روھىيەت بىلىملىرى بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرمايدىكەنمىز، يەنىلا سەنئەتكارلىق سېپىدىن چۈشۈپ قېلىپ نام-شەرەپلىرىمىزنى مەڭگۈلەشتۈرەلمەيمىز. شۇڭا، پىكىر-ھېسسىياتتا ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىمىزنى خۇددى جىسمانىيىتىمىزنى كۈندىلىك ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن كۈچەيتىپ ماڭغاندەك كۈچەيتىپ مېڭىشىمۇ ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى تەبىئىي تەلەپتۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدىكى ئىجادىيەتتە ئۆزگىچىلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئورتاق رىئايە قىلىدىغان بىر ئەدەب بار، ئۇ بولسىمۇ «ئۆزىنى تونۇۋېلىش» دەپ قارايمەن. مەن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان كۈنلەردىن باشلاپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر كۇڭفۇزىنىڭ «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى گۈللىنىشىگە ۋەكىل جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەدەبلىرىگە قايتىش كېيىنكى سۇلالىلەرنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىسى دېگەندەك مەزمۇننى يەم قىلاتتىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىمۇ، كۇڭفۇزى سۇلالىلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەكىتلىگەن مىللەتنىڭ ئېسىل ئەدەب-يوسۇنلىرىدەك، سەنئەتكارلىقنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە باب كېلىدىغان ئەدەب-يوسۇن ئىكەن. ئىلىم-پەندە، ئەدەبىيات-سەنئەتتە، تېخنىكىدا ئۆلگەندىن كېيىن خەلقنىڭ قەلبىدە ھايات قالغۇدەك ئىجادىيەتتە بولۇپ، خەلقنىڭ ئىشلىرىدا يادىكارلىق بولۇپ قالىمەن دېگەن ئادەم مۇشۇ ئەدەبكە قايتىش، سەنئەتكارلىقنىڭ قىيىن ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە يارىغۇدەك ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك ئىكەن. جۇڭگودا پەن-مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ھەممىمىز ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس-بەستە سايراش»

يۈنىلىشى بولسىمۇ، بۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلالمايدىغان بەغەرەزلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن نامدا كۆتۈرۈلگەن تەتۈر قۇيۇندا يۇرت تۇزكۇچى ئۆلىما-ئالىملارغا، ئۆزلىرىنى پەرۋىش قىلىپ تەربىيىلىگەن ئۇستازلىرىغا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى، ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن قورقماي خەلققە بولباشلىغان ئىنقىلابىي داھىيلار-كېنېراللارغا، يەنىكە، يەن ھەقىقەتلىرىگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇرىدىغان ھەققانىيەتچىلەرگە يوق يەردىن تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلار ئۈستىگە ئىنسان قىلىپىدىن چىققان شۇملۇقلارنى ياغدۇرغان رەزىللىكلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، ئالىملار، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ۋە ئىلىم-پەننىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدە كەشپىيات، ئىختىرا، ئىجاد قىلالىغۇچى بولغان ئادەمگە ئۆزىنى تونۇۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ قابىلىيەتنى ئۈستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن.

## (2)

مەن بۇ ھەقىقەتنى كۆپلىگەن ئۆلىما-ئالىملارنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەلىماتلىرى ئارقىلىق تونۇپ يەتتىم. ئالايلۇق، ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق تەلەپلەر بىلەن تونۇۋېلىپ دۇنياغا مەشھۇر بولغان يازغۇچى ئىپ. ھېمىڭۋاي «ئۆز روھىي ھالىتىنى بويسۇندۇرغان كىشى شەھەرلەرنى بىنا قىلغان كىشىدىنمۇ كۈچلۈكرەكتۇر» ① دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، سەنئەتكارلىق بابىدا پەقەت ئۆزىنى باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈپ ماڭالىغان، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى سەنئەتكارلىق تۈرمۇشى ئۈچۈن بويسۇندۇرغان كىشىلەرنىڭلا بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدىغانلىقىنى، «ھاياتنىكى ئەڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاساسىي نەرسە ئۆزىنى تونۇشقا ھەرىكەت قىلىش» ② ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. بىز ئۇيغۇرلار «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندە، مانا مۇشۇنداق تەبىئىي تەلەپ بويىچە پىكىر-ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈپ ماڭالماي، بۇرۇنقى سەنئەتكارلىق تۇرمۇشىدا نى-نى پايدىلىق ئىجادىيەتلەرنى قىلغان ۋە شۇنداق ئۆيلىغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە شەخسىي ھەۋەسكە بويسۇنۇپ، نەپسى ئارزۇسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، پىكىر-ھېسسىياتلىرىنى خالىغان تەرەپلەرگە ئەركىن قويۇۋېتىش بىلەن باشباشتاق، يۈگەنسىز يۈرۈپ، تۇرمۇش سەنئەتكارلىق قەلبىنىڭ گۈزەللىكىگە بىمەنە روھىي ئەخلەتلەرنى چۇشۇرۇپ، مىللىي ھاياتىمىزدىكى رەزىللىككە قارشى تۇرۇپ گۈزەللىكنى قوغداش قۇدرىتىنى يوقاتقان، خەلقىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان دەۋر كۈيلىرىگە جۆر بولالماي، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دېگەن پاسسىپ ھايات يولىغا مېڭىپ كېتىۋاتقان ئۆلىما-نازىنىلارنىمۇ نەزەردە تۇتىمىز.

راست، «قەلب گۈزەللىكى ھەتتا سەت بەدەنگىمۇ كۆركەملىك بەخش ئېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك قەلب بىمەنىلىكى ئەڭ ئاجايىپ قىياپەتكە ۋە بەدەننىڭ ئەڭ دىلبەر ئەزالىرىغىمۇ قانداقتۇر ئالاھىدە داغ چۈشۈرىدۇكى، ئۇلار بىزدە تەسادىپىي يىرگىنىش ئويغىتىدۇ». ③ بىزنىڭ تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا بۇرۇن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمىز بىزنىڭ ئەيىبلىرىمىزنى يېپىپ بىزنى خەلق كۆزىگە كۆركەم كۆرسەتتى. تەبىئىيكى ئۇ بىزنىڭ قەلب گۈزەللىكى دەپ ئاتىلىۋاتقان ھەقىقىي سەنئەتكارلىق روھىدا ئۆزىمىزنى تونۇۋېلىشنى بىلگەنلىكىمىزدىن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزىنى تونۇۋالالمىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پۇل، مەنسەپ، مەئىشەت قۇللىرىغا ئايلىنىپ كېتىشكە قارىماي، تار شەخسىي مەنپەئەتلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ خەلقىمىزگە، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ھەقىقىي سەنئەتكارلىق روھىدىكى قەدىردانلىرىمىز بولسىمۇ، خەلق ئۇلاردىن يەنە خەلقىمىزدىن ئىبارەت ئەزىز قان-قېرىنداشلىق بىلەن تولغان بۈيۈك ئەمگەكچىلەر ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى، بىزنى تەمەن ئېتىش ئۈچۈن گويا سېغىن كالىدەك تۇرۇپ بېرىۋاتقان ۋەتىنىمىزنىڭ خىزمەتچىسى سۈپىتىدە ئۆزىنى سەنئەتكارلىق روھىدا جۇشقۇن تۇتۇش ۋە روھىيىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەجنەبىي روھىي ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ پىكىر يوللىرىدىكى چىگىشلىكنى يېشىش، قارىمۇ قارشىلىقنى ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش، تونۇقلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىكنى ئىشەنچ ۋە جاسارەتكە ئايلاندۇرۇش، كەملىك، ئاجىزلىقلارنى تولۇقلاش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن، پىكىر-ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى تۇتالماي، خەلق نەزەرىدە

---

① ئىپ. ھېمىڭۋاي: «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 662-بەت.
② ۋ.گومبولدت: يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.
③ لېپىنتىس: «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 74-، 75-بەتلەر

تەسادىپىي يىرگىنىش ئۈيغىتىپ قويىدىغان قەلب بىمەنىلىكىدىن ھەزەر ئەيلەشنى، ئىشنىڭ ۋاقىتىنچە ئوڭ كەلمەسلىكىگە، تۇرمۇشتا كۆررۈلىدىغان ئەنسىزلىكلەرگە، ئۆكتىچىلەردىن كېلىدىغان زەربىلەرگە، تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئۈستىدىكى لىزالارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سەنئەتكارلىق ھاياتىدا «كۆلگە سىيىدىغان موللا» بولۇشتەك پاسسىپ يولغا مېڭىپ كېتىشتىن ساقلىنىشنى، تۇرمۇشنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقان دەۋر روھى بويىچە ئۆزىنى قايتا بىلىش، ئۆزىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىش، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بىلىم ۋە قابىلىيەت سەۋىيىسىدىن ھالقىپ، خەلقىمىزنى دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قويماسلىق رىغبىتىدە تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چۈنكى، سەنئەتكارلىق دېگەن ئالدى بىلەن خەلقنىڭ دەۋر قەدەمىدىن چۈشۈپ قالماسلىقنى كۆزلەپ پىكىر قىلىش كەسپىكى، ئاللىقاچان يارىتىلىپ بولغان سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۇرۇنقى بىلىم سەۋىيىسى بىلەن بىر گەپنى تەكرارلاۋېرىدىغان ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمەس. شۇڭا، ھەقىقىي سەنئەتكار سەنئەت يارىتىدۇ، ئەمما سەنئەتنى ھەممە يەردە كۆز-كۆز قىلمايدۇ، ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يوق ئاغزىدا شەمەر ئالغۇچىلار سەنئەتنى ھەممە يەردە كۆز-كۆز قىلىدۇ، ئەمما سەنئەت يارىتالمايدۇ. مانا بۇ سەنئەتكارلىق سېپىدىكى ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ پاسىل تېشى بولۇپ، بىزنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكار بولۇشىمىز ياكى ئاغزىدا شەمەر ئالغۇچى بولۇشىمىزدىكى تارازا. سەنئەت ئەسەرلىرىگە كەلسەك، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ماددىي ھەم مەنىۋى ئەسەرلەردىكى گۈزەللىك ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە، بىرى ھوزۇرلىنىش قىممىتى، يەنە بىرى ساقلاش قىممىتى. بىز ھوزۇرلىنىش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە، دىققەت قىلىدىغىنىمىز — ئەسەرنىڭ ئۆزى بولىدۇ، بىز ساقلاش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە، دىققەت قىلىدىغىنىمىز — شۇ ئەسەرنىڭ كىمنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى بولىدۇ.

تۇرمۇشىمىزدىكى گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ئەمما تۇرمۇش سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل شەيئى بولۇشى ناتايىن، ئەگەر ئىجادىيەتتە سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى بىردەملىك بولىدىكەن، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. ئەگەر سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى ئۇزاققا سوزۇلىدىكەن، ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئۇلۇغ ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ سىرتىدىكى تەشۋىقاتى ۋە داۋراڭ سېلىشىغا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، تارىخ كىمنىڭ سەنئەتكار، كىمنىڭ ناقىپى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھامان بىر كۈن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بارلىق غوجىكودىلەرنى سەنئەتكارلىق سېپىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈش تەلەپلىرى بويىچە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز بويسۇنۇشنى ۋە ئۆز قارارىمىزغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز ھەمدە بۇ تەلەپلەر بويىچە سەنئەتكارلىق سېپىدە داۋاملىق ئۆرلەپ مېڭىش ئۈچۈن تەمكىن بولۇشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلە نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلسىمۇ، ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلاتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇتتۇقنىڭ مېخانىزمىنى ئىگىلەش؛ ئەنسىزلىككە توغرا قاراش، ئۆزىنى كەمسۈندۈرۈش ھېسسىياتىنى تۈگىتىش؛ روھىيەتتىن چۈشكۈنلۈكنى ھەيدەش قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەكىتلەش مۇمكىن.

## تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇتتۇقنىڭ مېخانىزمىنى ئىگىلەش

بىزنىڭ سەنئەتكارلىق بابىدا ئۆزىمىزنى تونۇتۇۋېلىشىمىز ئالدى بىلەن بىزنى تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىزدە بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەھۋاللاردىن قۇتۇلدۇرىدىغان جاسارەت ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى قولغا ئېلىشتۇر. بۇنداق جاسارەت ۋە مېخانىزم نېمە؟

**(1) ئىش ۋاقىتىنچە ئوڭ كەلمىسىمۇ، ھاياتنىڭ ئۆز قائىدىسى بويىچە ئىلگىرىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش**

پەلەك ئاجايىپ نەرسە، بەزىدە ئۇنىڭ گەردىشى ئەمەتنى ياپىساچىلارغا، ئاپەتنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئەزىمەتلەرگە سوۋغا قىلىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا مەدھىيىلەر ئوقۇلسىمۇ، ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىك باسقۇچلىرىغا تاپا-تەنە بىلەن مالالچىلىقنى ھامىي قىلىپ قويىدۇ. بۇ بەلكىم پەلەكنىڭ ئىنسانلار تەبىئىيىتىدىكى ئۆزىگە كۆرمىگىلىك قىلىپ باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان شۇملۇقنى جازالىغانلىقىدۇر. بىراق، ئىنسانىيەت تارىخ تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تونۇشنى بىلسە ئىدى، جازا قامچىسى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات

ھارۋىسى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئاشۇ شوتا ئاتلارغىلا تەگمىگەن بولاتتى. ئىنسانىيەتتىكى بۇ ئورتاق كېسەل بەكرەك يامرىغان مىللەتلەر ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۆپكىسى يوقلۇق قىلىپ، ئالمت كەتكەندە قولىنى چىشلەپ قالمىغان بولاتتى.

ئەنە قاراڭلار، تارىخنىڭ بەتلىرىدە سىياسىي جەھەتتە ئالدىغا ماقىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكىدىن قان ئاققان، ئىدىيە جەھەتتە مۇتەپەككۇرانە پىكىردىكىلەر قىيىن-قىستاققا قالغان، پەن-تېخنىكىدا كەشپىيات-ئىختىرا ياراتقانلار خېيىم-خەتەردىن خالىي بولالمىغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت ئالمە ە ئېلىپ كەلگىنى شانلىق نۇر بولسىمۇ، ئۇلارنى كۆلكە قىلىدىغان، تىللاپ قاغايدىغان، ئۆلتۈرىدىغانلار خۇددى چوڭ يولغا ئۈشتۈمتۇت ئۈنۈپ قالغان تىكەنلىك چاتقاللاردەك ئىنسانىيەتنىڭ داغدام تەرەققىيات يوللىرىنى تىكەنلىك يوللارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن، 1814-يىلى، ستېپېنسون بىرىنچى پويىزنى ئىجاد قىلىۋىدى، ئۇ پويىز گەرچە 30 نەچچە توننا ئېغىرلىق سۆرەپ ماڭسىمۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەقىللىق ھېسابلىدى-دە: «ھە، نوچى، بۇ پويىزنىڭ ئات ھارۋىسىدىنمۇ ئاستا ماڭىدىكەنغۇ؟»، «ئۇنىڭ ھۆركىرىشىنى دېمەمدىغان تېخى، پويىزنىڭ ھۆركىرىشى مال-چارۋىلىرىمىزنى ھۈركىتىۋەتتى»، «تومشۇقىدىن ئوت پۈركۈپ باغ-ۋارانلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى» ... دېگەندەك تاپا-تەنىلەر، ھەزىلە-كۆلكىلەرنى ئۇنىڭغا ئوق قىلىپ ئاتتى. ھەتتا نۇرغۇن گېزىت-ژۇرناللارمۇ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆزىنى مۇتەخەسسىس، ئالىم دەپ يۈرگەن بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ شۇنداق ھۇجۇملارغا بولۇشۇپ بەردى. ئاۋستىرىيەدىكى دوختۇرلار: «ئىنسان بەدىنى سائەتكە 24 كىلومېتىردىن يۇقىرى سۈرئەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر بۇ ئالۋاستى سۈرئەتلىك مەخلۇق ئاۋستىرىيەدە قاتنايدىغان بولسا، يولۇچىلىرىمىزنىڭ يەتتە ئەزايىدىن قان كېتىدۇ. ئۆلمىدى دېگەندىمۇ، تونىللاردىن ئۆتكەندە بوغۇلۇپ تۈگەيدۇ. ئەمەلىيەتتە پويىز دېگەن مېيىت قاچىلايدىغان ساندۇق» دېسە، روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتچىلىرى: «ھازىرقى جەمئىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتمەكتە، ئادەملەرنىڭ روھى ھارغىن ھالەتكە يېتىپ قالدى. ئەگەر پويىز بۇ جىددىيلىك ئىچىدە ھۆكۈرەپ يۈرسە، ئىنسانىيەت بىراقلا ساراڭ بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى.

كۆلكە ۋە تاپا-تەنە قىلسىمۇ قىلسۇن، بۇنىمۇ «بوپتۇ» دېيلى، بىراق ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشتىكى ئىجادىي ئىلگىرىلەشلەرنى ھەتتا بەزى گۇرۇھلار مەخسۇس پىيىگە چۈشىدىغان ئوۋېيكتقا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇنداق تەتۈر پەلەك قانچىكى ئارقىدا قالغان مىللەتلەردە شۇنچە چۆرگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى خورلاش بىلەن ئايىغلاشماي، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق چولپانلىرىنىمۇ خىيانەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان مەلئۇنلۇققا يېتىپ باردى. زامانىنىڭ سەركىسى مەن دەپ يۈرگەن مىللەتلەرمۇ ئىنسانىيەتتىكى مۇنداق ئاجىزلىقلارنى تەبىئىيتىگە سىڭدۈرۈۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئالتۇن كۇسلاردا ئولتۇرغان پادىشاھلىرىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تەنتەكلىك قىلىپ، بەزى رەزىل ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان كولۇمبۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق چولپانى ئىدى. ئۇ كېمە توشۇغۇچىلار دېستىدىن شۇنچە ئۇلۇغ سەپەردىن قايتۇرۇلدى. سىنزورلار كىچىككىنە گېپىنى كۆپتۈرۈپ، ئۇنى ئىسپانىيە پادىشاھىغا چېقىپ قويغانلىقتىن، ئىسپانىيە پادىشاھى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قولغا ئالدى ۋە قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ ئىسپانىيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ مۇنداق شۇملۇقلىرىنى كىشىلەرگە تولۇق نامايەن قىلىش ئۈچۈن، «بۇ جازا قوراللىرىنى مېنى دەپنە قىلىدىغان مېيىتقا سېلىپ قويۇڭلار» دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. بۈگۈن دۇنيادىكى ھەربىر ئادەم قايىل بولىدىغان كۈچلۈك ئامېرىكا ئەنە شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ياۋروپالىقلارغا زېمىن بولغان ئەمەسمىدى؟ 1919-يىلى 11-ئايدا ئېينىشتېيننىڭ «تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» بىلەن «كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» تەجرىبىدىن ئۆتۈپ پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. 1921-يىلى 42 يېشىدا نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەمما، ئۇنىڭغا كۆپلەپ ئادەم قارشى چىقتى، گېرمانىيىدە مەخسۇس تەشكىلات قۇرۇپ ئۇنى تەنقىتلىدى. سوۋېتتىكى بەزى ئالىملار ئۇنى بۇرژۇئا ئالىمى دەپ تەنقىتلىدى. دېمەك، ئالىم — سەنئەتكارلار ئوتقا تاشلانغان، تىرىك كۆمۈلگەن، جازا تۈۋرۈكلىرىگە مىقلانغان، تەنقىتلەنگەن بىلەن ئۇلار يەنىلا دۇنياغا شانلىق نۇر تارقاتتى. بىراق بۇ نۇرنىڭ تىكەنلىك چاتقال بىلەن قاپلانغان يوللاردىكى قان داغلىرى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ زامان ئېتىبارىدىكى مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ دانا-دانىشمەنلەرگە تۇتقان جاھىلانە پوزىتسىيىسىدىن ناھايىتى ئېچىنىشلىق بىر ساۋاق قالدۇردى. نادان كىشىلەر مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلەرنىڭ بېشىدا چۆرگىلەۋاتقان تەتۈر پەلەكنىڭ تەسىرىدە «دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭساق بەختسىزلىككە ئۇچرايمىز، كەينىدە قالساق دومبالىنىمىز، ئوتتۇرىدا ماڭساق ئارامخۇدا ئۆتىمىز» دېگەن نىشانغا يۈزلىنىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق خاتا يەكۈن ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات سەپىرىنى ئەسىرلەپ كېچىكتۈردى.

خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئىجادچانلىق بىلەن ئىجادىيەتكە قارشى كۈنلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىلىم-ئەرbablىرىنى باياراق قىلغان ھالدا پىكىر مەھبۇسلىقىنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئىجاد قىلغان، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى باشقا مەدەنىيەتلەرگە قوشۇۋەتمەي يىپەك يولىنى ئاچقان كۈنلەردە، ئۇيغۇرلار شۇ زاماننىڭ ئۆتكۈر رىقابەت جەڭگاھىدا ياشاپ، يىپەك يولى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆزىنىڭ ئىرپان ھۆجەيرىلىرىنى قاتتى. «قۇت» ئىزگۈلۈكنى قەلبىگە پۈكۈپ، تاغ-جەزىرىلەردىن ئېشىپ، مەغرىب-مەشرىق ئىستىھكاملىرىدىن ئۆتۈپ، يىراق زېمىننىڭ «سىم تانابى»نى تارتىپ، مۇساپىرەت مەنزىلگاھلىرىدىن بوستانلار، مۇساپىرلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن داستانلار يارىتىپ، يېكىنمە ۋە يېرىم يېكىنمە ھالەتكە مايىل ناتونۇش خەلقلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنى بىر-بىرىگە تونۇشتۇرۇپ، ھەقىقىي يورۇق جاھان تارىخى ۋە كىشىلىك ئالاقىلىرىغا ئەبەدىيلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى. ئۇلار ئۆزلىرىدە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە يىپەك يولى خەلقئارا سودىسىدىكى ئەۋزەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىدارنى ھازىرلىدى. دوكتور سۈگىتيەن شۈنيەن «قەدىمكى تەڭرىتاغ تارىخ-جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابىدا ئېيتقاندەك: نوقۇل پادىچى قەۋم بولماستىن، يەنە سودا ئالاقىلىرىنى قوزغىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، نوقۇل تېرىقچىلار بولماستىن، يەنە سودىگەرلىك خاراكتېر ئالغانلىقىنى، تاشقى سودا-تىجارەت مەملىكىتى خاراكتېرى ئالغانلىقىنى، يىپەك يولى سودا ئالاقىلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش ۋە سودا ئالاقە چەمبىرىنى كېڭەيتىش خاھىشىنى كۈچلۈك ئىپادىلىدى. «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك، يىپەك يولىنىڭ ئۆلىنىش ياكى ئۈزۈلۈش ھالقىسى بولغان ئوتتۇرا بەلۋاغقا يېكىنمىچىلىكتىن خالىي، ئۈچ چوڭ ئىقتىدارنى ھازىرلاپ، مېھماندوست ۋە جاھانساز ئۇيغۇر خەلقى بولۇپ، بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە پۈتۈن يىپەك يولىنىڭ ئامىتى ۋە بەختى بولدى.①

كېيىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ خورلاپاتلىقتا يۈزلىنىپ دىيارىمىزنى جاھالەت بۇلۇتلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ، «ئەزىز دىيارىمىز باغرىدا خۇددى ئۈنچە-مارجانلىق دەرىيادەك نەچچە مىڭ يىل ئاققان قەدىمكى يىپەك يولىنى قۇم بارخانلىرى تەكتىگە كۆمۈپ قويۇپ» «ئەۋلىيا، مۇئەللىم چەتتىن، مورىت، چاپارمەن بىزدىن» بولۇش يولىغا مېڭىپ، بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننىي ئابدۇللا خاراباتى، ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ... كە ئوخشاش ئىلىم-ئىرپان بۇلاقلىرىمىزنى قان لەھمىلىرى بىلەن ئېتىپ قويغاندىن كېيىن، ئىجادىيەت ئاسمىنىدىن غۇلاپ چۈشتى-دە، «پەقەت مۇقام-مەشرەپ، تىل-ئەدەبىيات، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، ھېيت-ئايەمنى ۋاستە قىلغان ئادەتي تەبىئىي ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» بولۇپ قالدى.

بۇ تولىمۇ ئاچچىق تارىخىي ساۋاق. ئىنسانلار تارىخى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئۆزىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بايقاش، بايقاش ئاساسىدا ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىنى، تەرەققىي قىلدۇرۇش بولسىمۇ، تاكى ھازىرقى كۈنگىچە بەزى كاتتا ئادەملەرنىڭ ئىدىيال شوخشىپ تۇرىدىغان جانلىق پىكىر قىلغۇچىلارنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان «قولۇپ» ئىزدەپ يۈرۈشى ئىنسانىيەتتىكى ئۆزىنى تونۇۋالالمايدىغان تەنتەكلىك، ئاجىزلىقلار بولۇپ ئىپادىلىنىپ، ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ قەبرىسىنى تاپا-تەنە بىلەن قاتۇرۇشقا شاگىرت تەربىيىلەشنىڭ پىلتىسى بولماقتا.

بىراق، ھاياتنىڭ قائىدىسى بۇنىڭغا قارشى نەرسە، ئادەم تۇغۇلۇپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئەگەر ئۇنىڭ يۈرىكى ساغلام سوقىدىغان، مېڭىسى نورمال ئىشلەيدىغان، كۆز-قۇلىقى، ئېغىز-بۇرنى نورمال بولسىلا، تاشقى ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۇنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ماشىنىسىنى توختىماستىن ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق تەبىئىيلىك ھايات پائالىيىتىدە ئىدىيىنى جانلاندۇرۇش يولى بىلەن ئادەمنى يۈكسەكلىككە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ مۇنداق ئۆتىشىپ تۇرۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھايات كۈچىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم پىشاڭ بولۇپ، مەيلى بىر ئادەم ياكى بىر ئورۇن ۋە ياكى بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاياتنى جانلاندۇرۇشنىڭ چارىسى — ئىدىيىدە جانلىق بولۇش، سەنئەتكارلىقتا بېرىلىش، ئىجادىي پىكىرچىلەرنى قەدىرلەش بولىدۇ. ئىدىيىدە جانلىق بولۇش — شۇ مىللەتتە مۇمكىنچىلىك يار بەرگەن دائىرىدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ سەنئەتكار گىنىئاللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش شۇ مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ھاياتىي كۈچى بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئۆزىنى تونۇۋالالمايدىغان ھەرىكەتلەر مىللەتنىڭ ئۈمىدى ۋە ھاياتىي كۈچىنى خورىتىشتۇر. بۇنداق مىللەتلەردە ھەرقاچان ساۋاق يەكۈنلەش چوقانلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سادىق ئوغلانلىرىغا،

① ئابدۇشۈكۈر مەتتىمىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995-يىل 5-، 6-سان، 35-بەت.

ئىلىم چولپانلىرىغا ھايات قانۇنىسى بىلەن مۇئامىلە قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، قايغۇلۇق ھەسرەت تاغلىرىغا باستۇرۇلماي قالمايدۇ. شۇڭا، بۇ يولغا تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرنى تىلەيدىغان شور پېشانىلەر ماڭىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنىڭ گېنىراللىرىنى ئالاھىدە تاللانلىق ئادەملىرىنى يارىتالمىغان مىللەتلەر بىچارە مىللەتلەر بولسا، يارىتىلغان گېنىراللىرىنى گۇمران قىلغۇچى مىللەتلەر بەختسىز مىللەتلەردۇر. «ھەربىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى (مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرى — ئاپتور) شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىغا، تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە، مەۋجۇتلۇق ئېڭىغا ھەتتا شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بەزىدە بىۋاستە ۋە بەزىدە ۋاستىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر يادرولۇق كۈچتۇر. بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئالدىن كۆرەر، ھەرقاچان تارىخ ۋە دەۋر ئۆزگىرىشلىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن ھايات قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرالايدىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىشى ئارتۇقچىلىقى بىلەن مىللەتنىڭ ئېڭىغا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ بەخت - سائادىتىدۇر.»① ئۇلاردىن «ئەگەر يىگىدىن ئۇلۇغ يازغۇچىلار، بولۇپمۇ ئۇلۇغ شائىرلار يېتىشىپ چىقمىسا، ئۇ ھالدا مىللىي تىل بۇقىلىشقا، مىللىي مەدەنىيەت خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ چوڭ مەدەنىيەت تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىش ئېھتىماللىقىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ كېتىدۇ.» چۈنكى② تىل خارلانغان جايدا مىللەت غازان بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىز سەنئەتكارلىق يولىغا ماڭمىز دېمەيدىكەنمىز، بۇنداق شور پېشانىلەر ماڭغان يولغا ماڭماي، كاللىمىزنى سىلكىپ خاسلىققا قايتىش، ھايات قانۇنىسىغا ئەمەل قىلىپ ئۆلگىرىلىشىمىز كېرەك. بىزدىكى «كۆز ئالدىدىكى - بۇرنىغا ئۇسۇپ تۇرغان رېئاللىقنى كۆرمەسلىك، ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق جاھىللىق بولسا، شۇ ئاچچىق رېئاللىقنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ پىسەنت قىلماسلىق، چېۋىقىغا ئالماي بىپەرۋا تۇرۇۋېلىش، شۇ رېئاللىقنىڭ، تەلىپى، ئۆلچىمى، دەۋىتى بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى ئوڭشىماسلىق، زامانغا لايىقلىشىپ، يېسىپ كېلىۋاتقان رەھىمسىز رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلانماسلىق، تەرەققىي قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇقەررەر ھالاكەتتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلماسلىق ئېچىنارلىق دەرىجىدە نادانلىقتۇر.»③

## (2) ئىش ۋاقتىنچە ئۇڭ كەلمىسىمۇ، ئۇڭغا بۇرۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش

ھايات قانۇنىسى ئالىملار تەرىپىدىن شۇنداق يورۇتۇلۇدىكى، ئۇنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسى ئىچىدىكى ئەزىز بالىلىرى بولغان بىلىقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان سۇپسۇزۇك دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بىراق ئۆزىنى ھايات قانۇنىسى بويىچە تۇتۇۋالالمايدىغان بەزى تەنتەك ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا ئىدىيىسى جانلىق كىشىلەرنى «ئېزىتقۇ» دېيىدىغان چەمبىرەك بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇنداق تەرەققىياتنى كۆزلەيدىغان ھايات قانۇنىلىرىنى كۆرمەيدۇ. ئۇلار چەمبىرەكلەنگەن ئىدىيىسى بويىچە ئەڭ ئالدى بىلەن سەنئەتكارلىق مېۋىلىرىگە «كۆندۈزدە چۈش كۆرگەنلىك»، «ئەقەللىي بىلىمنىمۇ بىلمەيدىغان ساراڭنىڭ ئىشى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن شىددەتلىك قارشى تۇرىدۇ. ھەقىقەت خېلى ئايدىڭلاشقاندا بولسا، «بەزى سۆزلىرى خېلى يوللۇق بولسىمۇ، ھۆججەت ئاساسى يوق»، «سۆزلىرى چىرايلىق بولغان بىلەن ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپتۇ، نەزەرىيە ئاساسى ۋە مەنتىقىلىق باغلىنىشى ئاجىز» دەپ كەينىگە چېكىنىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار زۇۋان سۈرۈپ گەپ قىلمىسىمۇ، پىكىر-ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ-دە، كۆڭلىدە: «ھەي، قارا بۇ ساراڭ بالىنى، كىچىككىنە تۇرۇپ ئاقساقاللارغا نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ-ھە؟»، دېيىدۇ-دە، ئىدىيىدە جانلىق بولغانلارنى ئۆز چەمبىرىكىگە كىرگۈزەلمىگەنلىكىگە ھەسرەت چېكىپ، بىردەم: «بۇنداق جاپا تارتقۇچە تەييار ئۇقۇملارنى قوراشتۇرۇپ ئادەم بولۇشنىڭ ئېپىنى ئىگىلىۋالسا بولماسمىدى»، دەپ ئۆزلىرىنى خەيرىخاھلىق قىلغۇچى مېھرىبانلار قاتارىغا كىرگۈزۈۋالسا، يەنە بىردەم ئۆزلىرىچە ئۇلارنى «تەنتەك»، «خام سويما»، «چوڭ ئىشقا يارىمايدىغان» قاتارىغا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقىملاشقان ئەندىزىلىرى ئىچىدە ئامان-ئېسەن ياشىغانلىقىنى، بۇنداق ئىسەنلىكتە راھەتلىك تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆز-كۆز قىلىپ، سەنئەتكارلارنى «ئەخمەق»لەر قاتارىغا قوشۇپ قويىدۇ. بىزنىڭ «بىزنى روھىي،

① باغراشنىڭ «سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئۇيغۇر بالىسى؟» دېگەن ماقالىسىدىن
② ئېلىئوت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995-يىل 5-سان 142-بەت
③ باغراشنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىدىن.

ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتە شۇ قەدەر زەئىپ، ئېچىنىشلىق ۋە پاجىئەلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان ئىللەتلىرىمىز ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىچكى سەۋەبىيەتلىرى ھەققىدە — زەھەرلىك ئۆسمىدەك ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىۋالغان، مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، ئاخىر بىر كۈنى جېنىمىزغا زامىن بولىدىغان خەتەرلىك مەنىۋى كېسەلنىڭ مەنبەسىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىدا داۋاسىنى قىلىپ ساقايتىشنىڭ يولىنى قىلىش ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئويلاۋاتقان» لىقىمىز[1] ئەنە شۇنداق چەمبىرەكچىلىكنىڭ ئارىمىزدىكى ئىپادىسىدۇر.

بىراق، ھايات قائىدىسى ماھىيەتلىك ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش بويىچە ئىلگىرىلەش بولغاچقا، ئۇ ئۆز يولىدا بىرمۇنچە ئىختىرا، كەشپىياتلارنى مىڭلىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە سۇنىدۇ. ئىختىرا كەشپىياتلار-نىڭ نەق پايدىسىنى كۆرۈشكە باشلىغان كىشىلەر ئۇنى قوغداش تەرىپىگە ئۆتكەندە، ئۇلار يا: «ئۇ دېگەن بۇرۇنلا بار نەرسە ئىدى. مىسىر ئېھراملىرىدىمۇ تېلېۋىزور چىقىپتىكەن، كىروورمىن گۈزىلىنىڭ قوسىقىنى ئوپېراتسىيە قىلغانلار بولغان ئىكەن، بۇنىڭ دەلىلى كونا كىتابنامىلاردا مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئېھتىمال كۆچۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن» دېيىدۇ. ياكى بولمىسا، 20-ئەسىردىن بۇرۇن ئادەمنىڭ ئاسمانغا، كائىناتقا ئۇچۇشىنى «بىمەنە سەپسەتە» دېگەن كىشىلەر ھازىرقى كۈندە «مۇتلەق ھەقىقەت» دېگەنگە ئوخشاش ھەقىقەت تەرىپىگە ئۆتۈۋالىدۇ-دە، «مەن بۇرۇنلا شۇنداق ئويلىغان، بۇ دېگەن دەۋر بۆلگۈچ كەشپىيات، مۇتلەق ھەقىقەت» دەپ بارىكاللا توۋلاش بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ.

ئۆزگىرىشنىڭ مۇنداق قەدەممۇ قەدەم بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھەرقانداق كەشپىيات ناھايىتى ئۇلۇغ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ مۇتلەق ھەقىقەتكە يېقىنلىشىپ بارىدۇكى، تاماملانغان مۇتلەق ھەقىقەت بولمايدۇ. ئۇ ھەقىقەت سېپىگە قوشۇلۇپ بولغۇچە، خۇددى ئەمدىلا ماڭغان بالا ھە دېسىلا دۈگۈجۈپ يىقىلىپ تۇرغاندەك مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدا يەنە تۈزىتىشكە تېگىشلىك خاتا تەرەپلەر بولىدۇ. بۇلار چەمبىرەكچىلەرگە ۋاقىتلىق دەسمى بولۇپ بېرىش بىلەن ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ناۋادا سەنئەتكارلاردا بۇنداق ئاۋارىچىلىقتىن قورقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان تەنتەكلىك بولسا، سەپسەتە سورۇننى ئىگىلەپ كېتىدۇ-دە، كىشىلەر سەپسەتىگە ئەگىشىپ ھەقىقەتكە قارشى مۇقاملارنى توۋلىشىپ بېرىدۇ. شۇڭا، سەنئەتكارلىقنى چەمبىرەكچىلەردىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسى ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر زامان ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ ھەرقانداق يېڭى ئىدىيە كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى يېڭى مەنزىرىلەرگە ئاچىدىغان بولغاچقا، تەييار ئەندىزىلەر بىلەن ھەر كۈنى ئوخشاش بىر قېلىپتا ئىش قىلىش ئىدىيىسىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە جۇشقۇن بولىدىغانلىقىنى، ئەندىزە بىلەن ئىش قىلىدىغان چەمبەرچىلەرنىڭ تېم-تېم ماڭغان باللاردەك يىقىلىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىماسلىقى، ئۇلارنىڭ تېم-تېم مېڭىشقا تېگىشلىك چاغدا، يىقىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ يەنىلا ئۆمىلىگەنلىكىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇش؛ ھەرقانداق يېڭى ئىدىيىنىڭ مەيلى ئۇ ھەقىقەت بولسۇن ياكى ھەقىقەتكە يېتىش بولىدىكى بىر قېتىملىق يېڭىلىش بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ئىدىيىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن يېڭى بىر تاللاشقا باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ۋەنتە بولىدىغانلىقىنى تونۇشتۇر. چۈنكى كىشىلەر مانا مۇشۇنداق تونۇش بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان سەنئەتكارلار سەۋىيىلىك ھەقىقەتكە ئېرىشىش بىلەن شادلىققا چۆمىدۇ، يېڭىلىش بىلەنمۇ يېڭى تاللاشقا ئۆتىدۇ، ئۆزى ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرۇۋېلىپ باشقىلارنى سۆكۈش بىلەن ئۆتىدىغان پەتىۋاچىلار بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

دېمەك، تەتۈر ئىش ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش — ئىدىيىدىكى جانلىقلىق ئارقىلىق ئوڭغا بۇرۇلىدۇ. مانا بۇ سەنئەتكارلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى — ئادەمنىڭ تۆۋەن تەبىئەتلىك ھايۋانلاردىن ھەرقاچان ئۈستۈن تۇرۇشىدىكى نېگىزلىك سەۋەبتۇر. مەلۇم ئادەم ئىدىيە جەھەتتە جانلىق بولۇپ ئىجاد قىلغانلىقى تۈپەيلى «پىشىپ يېتىلمىگەن» دەك كۆرۈنسىمۇ، دەل مۇشۇ نۇقتا ئۇنىڭ ئىدىيىدە چەمبىرەكچىلەرنىڭ تۇزاقلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە جانلىق بولالمىغانلىقىنى، جانلىقلىقنىڭ ھەقىقەت سېپىنى تۇتۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەرگىزمۇ ھېچنېمە ئىجاد قىلمايدىغان پەتىۋاچىلارنىڭ ئالتە ئېشەككە يۈك كەپلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ. چۈنكى پەقەت ھەقىقەت ئىگىلىگەن، ھەتتا ئاز بولسىمۇ ھەقىقەت ئىگىلىگەن ئادەملا، ئاندىن پىشىپ يېتىلگەن ياكى پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئىدىيىدە جانلىق ئادەملەر تۈپەيلى بىرەر «چاتاق» چىقىپ قالارمىكىن، «بالا-قازا» بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىشىدە يۈرگەن ئادەملەر بولسا، دەلمۇ دەل قورسىقىدا جىن بار ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ «ئوغرى گۇمانخور» دېگەندەك ھەرىكەتلىرى، ئۇلارنىڭ قولىدا ھەقىقەت يوقلۇقىنى، شۇ سەۋەبتىن نېرۋىسى ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ھەقىقەت دېگەن خۇددى مىكيان تۇخۇم باسمىسا چۈجە چىقمىغاندەك، پائال، جانلىق پىكىر قىلىدىغان

[1] بىلغىراشنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسىدىن.

ئادەم بولمىسا مەيدانغا چىقمايدۇ. كىمكى ئىدىيىدە پاتال ئويلايدىغان جانلىق ئىدىيىگە ئىگە بولسا، شۇ سەپسەتىدىن ئۆزىنى بۇرۇنراق ئازاد قىلىپ ھەقىقەتكە يېقىنلايدۇ، ھەقىقەتنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق سەنئەتكار بېشىدا تۇگمەن چۆرگىلىتىۋاتقان تەتۈر پەلەكنى ئوڭغا بۇراش ئۈچۈن ئىدىيىدە بۇرنىقىدىنمۇ جانلىق بولۇپ، پەتىۋاچىلار خاپا قىلىۋاتقاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەقىقەتكە تېزراق ئېرىشىشنىڭ كويىدا يۈرۈش كېرەك. بىراق، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدىكى مەغلۇبىيەت كۆپ ھاللاردا بىز. پەلەك دەپ ئاتاۋاتقان تاشقى مۇھىتتىكى ھادىسىلەر، بولۇپمۇ قورسىقىدا جىن بار ئادەملەرنىڭ قوچىشىدىن كېلىپ چىقسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىدە بەزى خاتا سەپسەتىلەر بىلەن بوغۇلۇپ قېلىشىدىن، جاھىللىق بىلەن بىر خىل پىكىردە تۇرۇۋېلىشىدىن، بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلات ئالدىدا تېز پۇكمەي ئېلىشىش روھىنىڭ كەم بولۇشىدىن، يېڭى ئۇسۇل-چارىلەرنى ئىجاد قىلالمىغانلىقىدىن، تۆرەلمە ھالىتىدە تۇرغان يېڭى ئىلمىي ئىدىيىلەرنى تونۇپ يېتىشنىڭ كەمچىلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئىكەن، سەنئەتكارلىق تۇرمۇشىدا ئادەمگە پەلەك تەتۈر ئايلانغاندا، ئۇنىڭغا توغرا قاراش ۋە ئۇنى ئوڭغا بۇراشقا ئىنتىلىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەغلۇبىيەتتىن ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزىدىكى خاتالىقتىن ۋاقتىدا قول ئۈزۈش كېرەك بولىدۇ. ئىلمىي ئىزدىنىش داۋامىدىكى ئۇتۇق ۋە مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان ئالىملار ئەزەلدىن ئۆزى سادىر قىلغان خاتالىقلارنى ۋە مەغلۇب بولغان تەرەپلىرىنى يوشۇرمايدۇ. چۈنكى، ئىجادىيەت ئۈستىدىكى ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق ماختاش ئادەمنى مەستخۇش قىلىپ ئۇخلىتىپ قويىدۇ-دە، «قۇرۇق ماختاشنى ئەخمەقلەر ياخشى كۆرىدۇ» دېگەندەك، بۇنداق ماختاشنى ياخشى كۆرگەن ئالىملارمۇ ئەخمەقلىشىپ ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. خاتالىقنى يوشۇرماسلىق ئالىملارنىڭ ئادەم تەبىئىيىتىدىكى ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش ۋە ئۆزىگە پايدىلىق مەيداندا تۇرۇپلا گەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ زور ئاجىزلىقىنى يەڭگەنلىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى ئىلىم-پەن ھەقىقەتلىرىنى تارقاتقانغا ئوخشاش ئالىيجاناب ھەرىكەتتۇر. چۈنكى، ھەممە ئۇتۇقلار ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن قازانغان ئۇتۇقىدىن، ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق ئۆزىنى تونۇشنى بىلىشتىن باشلانغانلىقتىن، ئىجادىيەتچىنىڭ ئىدىيىسىدە خاتا ئىدىيە، مۇددىئا تۇرغاندا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە قىلىشىغا توسقۇن بولىدىغان خاتا رامكىلار تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرەلىشى ۋە ئۇنى تارقىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ خۇددى مۇسۇلمانلار ھەربىر ۋاق نامازدىن كېيىن تاھارىتى سىنىپ كەتكەندە يېڭىدىن تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىپ نامازغا كىرگەندەك، يېڭى ئىجادىي پائالىيەتكە خاتالىقلاردىن پاكلىنىپ ئاتلىنىش بولۇپ، ھەقىقىي ئالىملارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەممىمىز ئۈچۈن ئىجابىي تەربىيىدۇر. بىز ھازىرغىچە خاتالىقلارنى يوشۇرغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئادەمنىڭ بىر ئادەملەرلا ئەمەس، ھەتتا نۇھايىتى كاتتا ئورۇنلارغا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن داھىي سۈپەتلىك ئادەملەرنىڭمۇ يەرگە قاراپ قالىدىغانلىقىنى كۆرمەڭ قېتىملاپ ئاڭلىدۇق ۋە كۆردۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر پسىخولوگى باتلىت: بىر ئالىمنىڭ ئەقىل ۋە ماھارىتىنى ئۆلچەيدىغان ئالامەت ئۇنىڭ سەپسەتىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش سۈرئىتىدۇر، دېگەن. قاراڭلار، دۇنيانىڭ بۈيۈك چونپانلىرىدىن ئېيىنشتېيىندەك ئادەممۇ «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغانلىق شەرىپى بىلەن فىزىكىدا ئەڭ چوڭ نوپۇز ئىگىسى بولغاندىن كېيىن، تارتىشىشتا كۈچ دولقۇنى مەۋجۇت بولمايدۇ، دېگەن خاتا نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆز ئوقتىسىنەزىرىنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلانغان ھامان، ئۇ خاتالىقنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىپ تۈزەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، خاتا ئىدىيە ھەم سەپسەتىلەرنى رەت قىلغان ۋە چۆرۈپ تاشلىغاندىلا، ئادەم ئۆزىنى ھەقىقەتنى بايقايدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان دائىرىدە تۇتۇپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋالغاندا ئىجادىيەتتىن توختايدۇ. ئەگەر دارۋىننىڭ دېگىنىگە ھەممىمىز ئىقرار بولىدىغان بولساق، ئادەم مايمۇنلۇقتىن ئىجادىيەت ئارقىلىق، ئىجادىيەتكە توسالغۇ بولىدىغان خاتالىقلارنى يېڭىش ئارقىلىق ھازىرقى تەكەممۇللۇققا يەتكەن، ھازىر بىز يەنە ئىجاد قىلماي تەييار ئەندىزىلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرساق سەپسەتىلەر بىزنىڭ كەلگۈسى تەكەممۇللىقىمىز خام-خىيال بولۇپ قالامدۇ؟

## ئەنسىزلىك ۋە خاتىرجەملىككە توغرا قاراش

خاتىرجەملىككە كىممۇ قىزىقمايدۇ دەيسىز. بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ قىسمەتلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن بولسا كېرەك، «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەن ئەقىدە بىلەن نۇرىمىز ۋە ھەرقانداق بىر ياخشى ئادىمىمىزنى كۆرگەندە: «تىنچلىقمۇ؟» دەپ ھال سوراپ، تىنچ ياشاشنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا قويىمىز.

بىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر بەختىنىمۇ خاتىرجەملىك دەپ چۈشىنىدۇ. بىراق، بەختلىك پەيتلەر، ئاجايىپ چوڭ ئامەتلەر، ئۆمۈرلۈك خاتىرجەملىكلەر مانا مۇشۇ چۈشەنچە تۈپەيلى قولدىن كېتىپ قالىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش دېگەندە تېپتىنچ ئۆتكىلى بولامدۇ؟ سەنئەتكارلىق بابىدا يالغۇز خاتىرجەملىكنى مىزان قىلىۋالساق، بىرمر ئەنسىزلىك يۈز بەرسىلا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمساق بولامدۇ؟ تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئەنسىزلىكنىڭ ھەممىسىلا يامان نەتىجە بېرەمدۇ؟ خاتىرجەملىك بىلەن ئەنسىزلىك رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ قوشبۆرەك مەزمۇنى بولۇۋاتقان يەردە، بىز بۇنىڭ بىرسىنى چەتكە قاقالامدۇق؟

بۇ سوئاللارغا بىز دۇنيانىڭ ئىجادىيەت چولپانى بولغان ئوسبورنىنىڭ تىلى بىلەن جاۋاب بېرىدىغان بولساق، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى قەدىرلەيدۇ. ئەمما ئەنسىزلىكنى ئىجادىيەتنىڭ ئاكتىپ ئىلھامچىسى دەيدۇ. ئۇ مور دېگەن بىر ئالىمنىڭ: «نامراتلىق، مۇشكۈلات ئىچىدە تۇرغاندا بىزگە ئەركىن ئىلھاملار ھەمراھ بولىدۇ، باي بولۇپ كەتكەندە بولسا، ئىلھام بىز بىلەن خوشلىشىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئالاھىدە ھېرىس بولۇپ، بىزنى ماددىي نەرسىلەرگە بولغان ئەنسىرەشلەر تۈگەپ كەتكەندە، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ئۇنىڭ ئۇچۇن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ قويۇشقا چاقىرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ھەرقاچان ئىسسىق بېزىش، ئىگىلىك تىكلەش، كارخانا قۇرۇش، مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتتە باي بولۇشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە جاپالىق كۈنلەرنى ئۇنتۇمايدىغان ھەرىكەت قىلىدىغان مۇددىئا تۇرغۇزۇپ، ئۆزىگە ئۆزى بېسىم قىلىش بىلەن ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنى ئۇتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنداق ئىكەن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۆتۈپ چىقىش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەنسىزلىكتىن قورقۇشىمىزلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئەنسىزلىك يۈز بېرىۋاتقاندىمۇ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئەنسىزلىكتىكى پايدا-زىياننى توغرا تونۇپ، ئەنسىزلىكنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى ئالغا سۈرۈش رولىنى جارىي قىلدۇرۇشىمىزمۇ زۆرۈر بولىدۇ.

ھازىرقى كۈندە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر تېخىمۇ كۆپلەپ پۇل تېپىش، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن تېپىرلاپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلاردىكى تۈرلۈك-تۈمەن ھەرىكەتلەرنى ھەتتا دانالارمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن، ئۇلاردىكى بۇنداق ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى پۇلغا بولغان ئاشۇ قىزغىنلىق، مەنپەئەتكە بولغان ئېھتىياج كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىراق، ئەتراپلىق قارىغاندا، ئادەمدە ئىجادىي ئىدىيە ئۇچقۇنلىرىنى قوزغايدىغان نەرسە، بەلكىم پۇل قىزغىنلىقىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان ئەنسىزلىك ۋەھىمىسىدۇر.

ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، مەن 60-يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتىم. بۇ چاغدا خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ دەريالىرىدا دەھشەتلىك كەلكۈن بولۇپ، دەريا ۋادىسىدىكى پايانسىز زېمىننى سۇ بېسىپ كەتكەنىكەن. شۇ تۈپەيلى ئىچكىرى جۇڭگودا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، بۇ يەرلەردىكى كىشىلەر جان ساقلاشقا ئىمكان بار يەرلەرنى ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ بىزنىڭ يۇرتىمۇ بىر تۈركۈم كەلگەنىكەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جۇڭگودا خەلق تۇرمۇشىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ھەر يەر ئۆز ئەھۋالى بويىچە چارە-تەدبىر قوللىنىۋاتقانىكەن. شۇ كۈنلەردە بۇ ئاچارچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئانا يۇرتۇم بەشكېرەمدىكىلەر كاتتا-كىچىك بېرىپ يۇرتىمىزنىڭ ئاياغ چېكىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ باشقۇرغان شانۇ-شەۋكەتلىك قاراخانىلار خارابىسى «خان ئۆيى» دېگەن يەردە بوز يەر ئېچىشقا كىرىشتى. بۇ يەردە دادىلار تولىمۇ جاپالىق ئىشلىمەكتە ئىدى. بىز ئالتە بالا ئانامدىن يېتىم قالغان بولۇپ، دادام بىزگە ھەم دادا، ھەم ئانا ئىدى. دادام تارتىۋاتقان جاپا-كۈلپەت ھەممىمىزنى بىئارام قىلاتتى. يازلىق تەتىل بولۇشىغىلا مەن دادامنىڭ ئورنىدا ئۇ يەرگە ئىشلەشكە باردىم. بىر كۈنى مەن ئەتىگەندە بوز يەر مەيدانىغا كېتىۋېتىپ، بوز يەرگە تارتىپ چېپىلغان ئېرىقنىڭ ئەتراپىدا ئاق سۇپۇرگە مايسىلىرىنىڭ پاخلان بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. كەچقۇرۇن ئىشەككە مىنىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ قارسام، ئۇ سۇپۇرگە مايسىلىرى كۆزۈمگە چېلىقمىدى. مەن يېنىمدا كېتىۋاتقان تاغامدىن سورىدىم: «بىز ئەتىگەندە كۆرگەن سۇپۇرگە مايسىلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئەتراپتا ياكى چارۋا مال بولمىسا، ئۇلارنى نېمە يەپكەتكەندۇ؟». تاغام ماڭا مۇنداق دېدى: «ھەي، بالام، سورىمايلا قوي. ئىچكىرى جۇڭگودىن كەلگەن بىچارىلەر ئۇنى يەيدىكەن، ئۇلار ئەتىيازدىن بېرى قارا ياغاچنىڭ پوستىنى، ئاكاتسىيە چېچەكلىرىنى يېدى، ئىچىمىز ئاغرىپ ئۇلارنى تاغ بويىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئورمىغا بارغاندا، بۇ دەردتىن بىردەك قۇتۇلۇپ كېتەرمىز». مەن ئادەمنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى يەپ ھايات كەچۈرۈشىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقانلىقىم ئۈچۈن قورقۇپ شۈركۈنۈپ كەتتىم-دە، ئىچىمدە «خۇدا بىزگە بۇ كۈننى كۆرسەتمىگەيسەن» دەپ، ئېشەك ئۈستىدە زوۋۇان سۈرمەي جىم ئولتۇرۇۋالدىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى دادامغا ئېيتىۋېدىم، دادام ماڭا ئۇلارنىڭ ئاچارچىلىق كۈنلىرى ھەققىدە باشقا ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ئاچارچىلىقتا قالغانلارنىڭ ئەھۋالى مەن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەندىنمۇ بەتتەر ئىكەن.

شۇ يىلى قىشتا قەھەتچىلىك تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇ ئاپەت بىزلەرنىمۇ بېسىشقا باشلىدى. بىزنىڭ ئائىلىگىلا ئەمەس،
پۈتۈن يۇرتنى ئاچارچىلىق ۋەھىمىسى قاپلىۋالدى. ئۆز تارىخىدا ئاچارچىلىق خاتىرىلەنمىگەن بۇ يۇرتتا ئاجايىپ ئىشلارنى
كۆرۈشكە باشلىدۇق. بىز ئېمىلا بولسۇن مەكتەپ قويىندا بولغاچقا، خەلقىمىزنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى بولۇپ، مەكتەپتە
ئۈچ ۋاق تاماققا ئېرىشەتتۇق. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئەمدىلا 10 ياشقا كىرگەن ئىنىم ئابدۇرېشىت ئۆيىمىزدىن سەككىز
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەكتىپىمىزنى ئىزدەپ تېپىپ كەپتۇ. ئۇ شۇنداق ئېچىقلاپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا يىغلاپ
كەتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. ئۇنىڭغا ساقلاپ قويغان بىر زاغرىنى بېرىۋېدىم، شۇنداق مەززە قىلىپ يەپ
كەتتىكى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى يۇرتىمىزدىكىلەر دەپ يۈرىدىغان «زاغرىخان باتۇر، زەردىنى قايناتۇر، بىر كۈن بولمىسا،
كۆزنى ئويناتۇر» دېگەن ھېكمەتنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بەردى. قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە مەنمۇ ئۆيدىكىلەر قاتارى
ئاچلىق ئازابىنى شۇنداق تارتتىمكى، بىر كۈنى زادىلا چىداپ تۇرالماي، كاتىنىڭ تېگىدە تۇرغان بىر چاڭگال ئۇننى
خاملا يەۋەتتىم.

شۇ ئاچلىق، نامراتلىق ئازابى ھازىرغىچە ئېسىمدە. تازا ئەسلەپ كۆرسەم، شۇ چاغدىكى ئاچارچىلىق ۋەھىمىسى
مەندە: «خۇدا شۇ كۈننى كۆرسەتمىسۇن» دېگەن ئارزۇ-تىلەك بىلەن ھەر ئىشنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ قىلىدىغان
ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىكەن. ھازىرمۇ ئۆگىنىش ۋە يېزىش ئىشلىرىمدا بىرەر بوشاڭلىق كۆرۈلسە، شۇ مەنزىرىنى ئېسىمگە
ئالىمەن-دە، شۇنداق كۈنلەرنىڭ تۇرمۇشۇمدا تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالغا ئىلگىرىلەيمەن.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ھازىرقى كۈندىمۇ مەن ئۇرۇمچىدە ۋە يۇرتىمىزنىڭ باشقا شەھەر، سەھرالىرىدا نۇرغۇن ئەقۇنلار،
ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلارغا بېرىپ پۇل تېپىشقا، ھەتتا مەدىكار ئىشلەپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولغان
كىشىلەردە بايلار، قورسىقى توقلارغا زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل غەيرەت-شىجائەت بارلىقىنى
ھېس قىلىمەن. ھۆكۈمەت ئىلگىدە نەچچە ئون يىللاپ خاتىرجەملىكنى كۆزلەپ ئىشلىگەنلەر ھەتتا بىر ئۆيىمۇ سېتىۋالالماي
سېرىقتال كۈن كەچۈرۈۋاتقان يەردە، بۇنداق ئادەملەر ئارىسىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرىمىزدە ئاسمان-پەلەك بىنالارنى سېلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈشى، يەنە بەزىلىرىنىڭ بىزنىڭ پەقەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمىزدىلا
بولىدىغان پىكاپلار بىلەن ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈشى ئەنە شۇنداق شىجائەتنىڭ مەھسۇلى. پەمىچە، خۇددى مېنىڭ بېشىمغا
كەلگەن بىر قېتىملىق ئاچارچىلىق مېنى مەڭگۈلۈك ئالغا ئىتتىرىش كۈچىگە ئىگە قىلغاندەك، ئاشۇ كىشىلەر ئۇچرىغان
نامراتلىق، ئاچارچىلىق ۋە ياكى باشقا بىر خىل ھايات خەتەرلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەھىمە، ئەنسىزلىك ئۇلارنىڭ
ئىدىيىسىدە ئاجايىپ بىر خىل تەشنالىقنى ــ ئۇلاردىن خالاسلىشىپ راھەت-پاراغەتكە يېتىش تەشنالىقىنى قوزغاپ، ئۆز
يولىدا ئاجايىپ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن بايلىق توپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. يەنى ئۇلاردىكى ئاچارچىلىق،
نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش تەشنالىقى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بايلىققا بولغان قىزغىنلىقىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىر خىل
غىدىقلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ خىل غىدىقلاش تەشنالىق بىلەن ئۇلاردا يوشۇرۇن ياتقان ئىجادىي قابىلىيەتنى
بىرلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغان. ئەتراپىمىزغا تازا زەڭ قويۇپ قاراپ باقايلى: مەشھۇر ئادەملەردىن جاپا تارتمىغانلار
يوق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يازغۇچىلار، ئالىملار، رەھبەرلەر ۋە بايلار نامراتلىق، ئاچارچىلىق ياكى سىياسىي زىيانكەشلىك
ئەنسىزلىكى بىلەن قوزغىلىپ چىقىپ باش كۆتۈرگەنلەر بولۇپ، نامراتلىق، ئاچارچىلىق، زۇلۇم، خورلۇق ئۇلاردا
جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەيدىغان، قىيىن كۈنلەردىن مول تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق ئىجادىي يول بىلەن قۇتۇلىدىغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ
بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك ئاپەتلەر ۋەھىمىسى ئۇلارغا نورمال كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان شىجائەت بىلەن قىيىن
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان تالانت ئاتا قىلغان. خەلقىمىزنىڭ «زېمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس» دېگەن ھېكمەتلىك قوشىقى تامامەن مۇشۇ مەنادا بولمىسىمۇ،
ئەنسىزلىككە يولۇقۇۋاتقان سەنئەتكارلار «جاپا چەككەن ئاشىقلار» قاتارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەنە شۇنداق
مۈشكۈل خەتەرلەر داۋامىدا ئۇزاق قىينالغاندا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش تەشنالىقى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئىجادىي تەسەۋۋۇرلاردا
بولغان. مۇشەققەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى چىڭىپ، نەپسى ئاۋارىسى ئادەملەر
ئويلىيالمايدىغان ئىجادىيەتلەرنى قىلىشقا سەۋەب بولغان. ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى، بىزمۇ ئۇشتۇمتۇت بىر
نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندە، كاللىمىزدا بۇرۇن زادىلا ئويلاپ باقمىغان تەسەۋۋۇرلاردا بولىمىز. بۇنداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ
كاللىمىزدا پەيدا بولۇشى قورقۇنچ، بىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈپ قويغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى
شۇ قورقۇنچتىن قۇتۇلۇش ئېھتىياجى بىزنىڭ ھېسسىيات كۈچىمىزنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقتىن دېرەك

بېرىدۇ. بۇنداق كۆچىيىۋاتقان ھېسسىيات ئىجادىي قابىلىيەت بولماي نېمە؟ جەڭنى مىسالغا ئالساق، جەڭ تولا ھاللاردا ئۇشتۇمتۇت بولىدىغان نەرسە، ناپالېئون جەڭ تارىخىدىكى شۇنداق ئەنسىز ھېسسىياتلارنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇمۇ ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. روھىي ھالەتتىكى قوزغىلىشنىڭ ئېرىشكەن بىلىم بىلەن يېڭى تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش ھاسىل قىلىدىغانلىقىغا ھەممە ئۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئادەمنى ھوشيارلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ بارىدىغان تاكتىكا قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بىزنىڭ سەنئەتكارلىق بابىدا قولغا كەلتۈرىدىغان ھەربىر ئۇتۇقىمىز يالغۇز خاتىرجەملىككىلا باغلىق بولماستىن، ئەنسىزلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان روھىي قوزغىلىشقىمۇ باغلىق بولىدۇ. كۆپرەك ئۇتۇقلار قەلبىمىزدىكى زادىلا باسقىلى بولمايدىغان كۈچلۈك ئارزۇ بولغان شارائىتتا، ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرگەن ئىرىشچانلىق ئادىتىمىزنىڭ ئىنتىرىشى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەم مەلۇم ئىقتىسادىي ئېھتىياج ياكى مەلۇم ئەنسىزلىك ھېسسىياتىدا مەلۇم ئىجادىيەتكە قوزغالغاندا، ئۇنىڭدىكى ئىرىشچانلىق ئادىتى ئىجادىيەت مېۋىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ھەرقانداق ئادەمدە ئەگەر تۈرلۈك ئاپەتلەر كەلتۈرگەن قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئىنتىلىدىغان ئىرىشچانلىق ئادىتى بولىدىكەن، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن تىنچلاندۇرغۇچى، غىدىقلىغۇچى، دەم ئالدۇرغۇچى، خۇشال قىلغۇچى، چېنىقتۇرغۇچى ھەمتاكى ئىجادىيەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئىشقى-مۇھەببەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ-دە، بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ۋەھىمە، غەزەپ، قايغۇ-ھەسرەت ۋە ياكى باشقا ئارزۇ-ئارمانلارمۇ ئۇنىڭ ئىرىشچانلىق ئادىتىگە يول بېرىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان ئامىللارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەرقاچان دائىم خاتىرجەملىكنى كۆزلەپ توخۇ يۈرەكلىك قىلىدىكەن، ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغىمۇ ئەنسىرەپ ئۆزىنى تىنچتۇۋالالمايدىكەن، بۇنداق ئەنسىزلىك ئۇنى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىزگە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاشۇنداق ئەرزىمەس ئىشلارغا ئەنسىرەپ ئۆزىنى خارابلاشتۇرۇدىغانلارغا قاراپ باقايلى، ئۇلار مىڭلىغان ئىشسىزلار بىرەر خىزمەت ئورنى تاپالماي يۈرگەندە، بىر ئوبدان خىزمەت ئورۇنلىرىغا كىرىپ بولۇپمۇ يەنىلا ئەنسىرەپ يۈرۈيدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە رىقابەت شۇنچە كەسكىن تۇرسا، مەن ئىشلەۋاتقان شىركەت رونەق تاپالارمۇ؟ بۇنداق شىركەتتە ئىشلىسەم ئىستىقبالىم قانداق بولار؟ قاچان ئۆيلىنەرمەن، قاچان ئوبدانراق ئۆيگە ئېرىشەلەرمەن، قاچان خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولۇرمەن، دېگەندەك خىياللار بىلەن كاللىسىنى چىرمىۋېلىپ، كۈن بويى ئەنسىرەپ يۈرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەنسىرەشلىرى كاللىدىن سىرتقا چىققان ھاياتنى ياخشىلاش پائالىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا ھېچقانداق خۇشاللىق بېغىشلىيالمايدۇ. ئۇلاردىكى بۇنداق تۇيغۇ قانچە ئېغىرلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى بېسىمى شۇنچە چوڭىيىدۇ، كەيپىياتى مۇقىم بولمايدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چاچقۇن بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا بۇنداق ئەنسىز تۇيغۇلارنىڭ ئېغىرلىشىشى ئۇلار كۆزلىگەن ئىشلاردا يامان ئەھۋاللارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنداق ئەنسىزلىكتىن بىزار بولغانسېرى، قانچە قورققانسېرى تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىشى يۇقىرىدىكى ئۇتۇق قازانغۇچىلاردەك ئەنسىزلىك يۈز بەرگەندە ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، قىيىنچىلىقنى ئىرىشچانلىق بىلەن يېڭىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەنلىكىدىن بولغان.

كۈن بويى ئەنسىرەپ يۈرىدىغان ئادەملەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئەنسىرەيدۇ؟ بۇنداق كىشىلەر: «ئەگەر خاتىرجەم بولغان بولسام، مەندە چوڭ ئىلگىرىلەش بولغان بولاتتى» دەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇۋالالمىغانلىقتىن، نۇرغۇن ۋاقتىنى ئاشۇنداق دەپ يۈرۈپ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. «ئۇتۇق قازانغانلار چەزمەن ھەر تەرەپتىن خاتىرجەم ئادەملەر» دەيدۇ. ئەمما، ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ بېشىدىمۇ بەزىدە تونۇر كۆيۈۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالمايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇش دېگەن راست دېگەندەك ئەنسىزلەر دېگەندەك بولامدۇ؟ ياق، تۇرمۇش دېگەن كۈرەش قاينىمى، كۈرەش قاينىمىدىن تولۇق يېتىلگەن خاتىرجەملىكنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى ئويلاپ باقايلى، بىزنىڭ ئوقۇش، خىزمەت تارىخىمىزدىمۇ ئىزچىللاشقان تولۇق خاتىرجەملىك يوقمۇ؟ خىزمەتلىرىمىزدە ئەنسىرىگەن، كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىمىز بارغۇ؟ تۇرمۇش ھەمىشە بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز بويىچە داۋام قىلىۋەرمىگەنلىكتىن، مەلۇم بولغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولغانغۇ؟ مەيلى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، رېئال تۇرمۇشتا مەڭگۈلۈك خۇشاللىق ۋە مەڭگۈلۈك خاپىلىق بولمايدۇ. خۇشال كېتىۋاتقان باياشايات تۇرمۇشتىكى ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئاز كۆپتۇر خاپىلىق پەيدا بولىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ، بەزى ئالىي زاتلارنى كۆرگەندە سىز "مەنمۇ شۇنداق بولغان بولسام - ھە!" دېگەن بىلەن، ئۇلارمۇ بەزىدە ئەجايىپ مۇشكۈلات، سىز زادىلا چىدىيالمايدىغان دۈشمەنلىكلەرگە ئۇچرايدۇ. سىز جاپا تارتىۋاتقاندەك، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك قىلغىنىڭىز بىلەن دۆلەتمەن

ئادەملەر تېتىقسىز سورۇنلاردا ھاياتنىڭ خاتىرىسىنى ئۈچۈرىۋاتقاندا، سىز شۇ خاتىرجەملىكىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئۆزىڭىزنى بېغىشلىسىڭىز بەلكىم تارىخ ئۇلارنى ئەمەس، سىزنى تونۇيدۇ. تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى مانا مۇشۇ. شۇڭا، تامامەن خاتىرجەملىكنى كۆزلەش زىيانلىقتۇر. چوڭ تەرەپتىن جاۋاب ئىزدىسەك، بىز جۇڭگولۇقلار ھە دېسىلا خاتىرجەملىكنى كۆزلەپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرمىغان بولساق، چىرىك چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەجنەبىيلەرگە تىز پۈكىدىغان ساتقىن شەرتنامىلىرىگە قارشى تۇرمىغان بولساق، ھازىرغىچە جاھانگىرلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا خورلىنىۋاتقان بولمامدۇق؟ دېمەك، بەخت ھەرقاچان بىزدىكى بىر نەرسىلەرگە تىنچلىق كۆز قارىشىدىنلا ئەمەس، مۇھىمى ئەنسىزلىكنى پەيدا قىلىۋاتقان مەنبەلەرنى تېپىپ كۈرەش قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئەنسىزلىكنىڭ ھۆججىمىغا ئۇزلۇكسىز ئۇچراپ تۇرۇشىمىز تۇرغان گەپ. بىراق تىرىشچان كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ئەنسىز تۇرمۇش ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ كەسپىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق تىرىشچانلىق ئادىتى بار ئادەملەرنىڭ ئۇتۇقلىرىغا قاراپ، ئەنسىزلىكمۇ ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دېگەن مۇقەددە تۇرىمىز. بىز ئۆزىمىزنى تونۇۋېلىپ بىر ئويلىنىپ باقايلى، بۇنداق نەتىجىلەرنى كۈن بويى قورسىقى توق يۈرىدىغان، ھېچنېمىدىن غەم يېمەيدىغان بىپەرۋا ئادەملەرنىڭ يارىتالىشى مۇمكىنمۇ؟

ياق، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە، بىر ئادەم، بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئوتتۇپ چىقىش قابىلىيىتى تامامەن ئاشۇنداق ئەنسىزلىكلەرگە تەۋەككۈل قىلىدىغان، كامال تاپقان ئىنسانلىق دەرىجىسىگە، راۋاج تاپقان مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئەنسىزلىكلەردىن قورقماي كۈرەش قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىگە باغلىق. «ۋەھالەنكى، پۈتۈن ھاياتىي كۈچ-ئىقتىدارنىڭ مەركەزلىشىشى، مۇجەسسەملىشىشىدىن تەشكىل تاپىدىغان مۇنداق ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن، ھەربىر مىللەت ئۈچۈن، ھەربىر مەملىكەت ئۈچۈنمۇ ئاساسلىق ھايات ۋە قابىلىيەت دەرىجىسىدۇر. ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىمموئنېت ھالىتى، مىزاج-خىلىتلىرى ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا مۇجەسسەملىشىپ، بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نۇر چەمبىرىكىدە جىلۋىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆتمۈش تارىخى ئەمەس، ھازىرقى ئائىلە-جەمئىيەت-مىللەت ئەھۋالى، مەنىۋى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار ھالىتى ئۇنىڭ ھاياتىي سۈپەت، ئىقتىدارىنى، رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى — قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىدىكى ئەۋزەللىك ياكى زەئىپلىكنى بەلگىلەيدۇ. پۈتۈن بىر مىللەتتىكى ھەر خىل ئىقتىدار ۋە سۈپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىغا مەركەزلىشىشىدىكى سەۋەب شۇكى، يەر يۈزىدىكى نەچچە مىڭلىغان مىللەتنى، تارىختا نامى ئۆچكەن ياكى ھاياتىي ئىقتىدارىنى نامايەندە قىلغان مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچەيدىغان، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە «پال» ئاچىدىغان بىرلا مىزان بار، ئۇ بولسىمۇ ئەنسىزلىكلەردىن قورقمايدىغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

ھەربىر ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ تۇغۇلما قابىل ياكى ساھىبجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم-سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىئون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ياكى مەئىشەت دەرىجىسى، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە تەقدىر-قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپ قاچقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، ئۇ تەۋە ئىتنىڭ تۈركۈمىنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ شەخس تەقدىرىنىڭ مىللەت ھالىتىگە بېقىنىش قانۇنىدۇر.»① مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاخىرقى ھېسابتا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ھەرقانچە ئۇستىكارلىق بىلەن شەخسىي پايدا ئالىدىغان خاتىرجەملىكنى كۆزلىگەنسېرى مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن زىيان سالغۇچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

## ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى تۈگىتىش

### (1) ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى ئىرادە پەزىلىتى ئارقىلىق تۈگىتىش

ياپونىيىنىڭ لىڭۋاڭ شىركىتى ھازىرقى دۇنيا بازىرىدا تاۋارلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىكى بىلەن داڭلىق ئىكەن. بۇ

① ئابدۇشۈكۈر مەتئىمىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995-يىل 5 — 6-سان، 38-بەت.

شىركەتنىڭ شۇنداق داڭلىق بولۇپ كېتىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان شى سۈنچېك باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرەلمىگەن. كېيىنچە خانئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىدا ئامېرىكا سەنئەتچىلىرى ئۇنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ئويۇن قويغان. ئويۇن بېلىتى بەش تىيىن بولۇپ، شى سۈنچېك ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن خانئائىلىسىدىن بەش تىيىن سورىغان. ئەمما، بىر نەۋرە ئاكىسى ئۇنىڭغا: «سېنى ئانام پۇل چىقىرىپ ئوقۇتىۋاتسا، يەنە ئويۇن كۆرۈشكە پۇل دېمىسەڭچۇ؟» دەپ سوغۇق گەپ قىلغان. شى سۈنچېك بۇ گەپتىن بەكمۇ رەنجىگەن ۋە بۇنداق خورلانغۇچە ئوقۇمىغىنىم ياخشى ئىكەن دەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن. ئەمما بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ نى-نى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆز ئىچىدە: «توختا، مەنمۇ شۇنداق ئادەم ئەمەسمۇ، مەنمۇ شۇنداق قىلسام بولمامدۇ» دېگەن، ھەمدە بىر ئاماللار قىلىپ بۇنداق خورلۇقتىن ئۇزۇل-كېسىل قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغ ئەرباپقا ئايلىنىشقا بەل باغلىغان. دېمەك، شى سۈن ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىدىن خورلۇققا ئۇچراپ ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇپ بويىنىنى قىسىپ قېلىش ئەھۋالى يەنە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى بەرگەن. ئۇ ئاشۇ غەيرەت بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ كەچكۈرسىدا ئوقۇغان، شىركەتكە كىرىپ خىزمەتمۇ قىلغان، ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا كىچىك چېغىدا خورلانغان مەنزىرە ۋە بۈيۈك ئادەم بولۇپ چىقىشقا بەل باغلىغان ئىرادىسى ھەمراھ بولغان.

دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، بۈيۈك ئادەملەرنىڭ ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ كىشىلەردە ئاشۇنداق ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى بولۇپ، بەزىلەر سىياسىي زەربىگە ئۇچرىغان، بەزىلەر نامراتلىق ئازابىغا قالغان، بەزىلەر ئىمتىھانىدىن چۈشۈپ قالغان، بەزىلەر مەرتىۋىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن خورلانغان. قىسقىسى، ئۇلار پەقەت ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىغا چۆكۈرۈۋېتىدىغان كەمتۈكلۈك ۋە ئاجىزلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنى تولۇقلىغان.

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزىدە كەمتۈكلۈك بار شارائىتتا، ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ تالانتلىق ئادەم بولۇپ چىقىشتىكى ئاساسلىق مەسىلە-ئىرادە پەزىلىتىدىكى مۇستەھكەملىك بولۇپ، بۇنىڭدا پسىخىك ئامىللار ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. يېقىندا ئېلىمىزدە «دانىشمەن بالىلار» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «دانىشمەن بالىلار»نىڭ تالانتلىق بولۇپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىلا بولماستىن، بەلكى ئەخلاق-پەزىلىتى، ئىرادىسى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۆزىگە-ئۆزى خوجايىن بولۇش ئېڭى قاتارلىق غەيرىي ئەقلىي ئامىللار ئىكەن. ئالىملار بۇ نۇقتىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، خېنەن ئۆلكىلىك شىنشياڭ 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆسمۈر بالىلار تەجرىبە سىنىپىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن.

1989-يىلى، شىنشياڭ 1-ئوتتۇرا مەكتىپى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن 11 ياشتىن تۆۋەن بولغان 30 نەپەر «دانىشمەن بالا»نى قوبۇل قىلىپ، تۆت يىل ئىچىدە ئۇلارغا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۆتۈپ، تېز سۈرئەتتە تالانتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بالىلىرىنىڭ تالانتلىق بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈمىدىگە زىت بولغان، كىشىنى ئويغا سالىدىغان نەتىجىگە ئېرىشكەن.

فۇخۇا ئۆسمۈر-بالىلار سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى توققۇز بېرىم ياش بولۇپ، سىنىپتىكى يېشى ئەڭ كىچىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 128، ئاتا-ئانىسى ئادەتتىكى ئىشچى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئائىلىدە دەرس تەكرارلىشىغا ھېچقانچە ياردەم قىلالمايتتى. لېكىن، بۇ ئاتا-ئانا يالغۇز قىزىنىڭ بەكمۇ كۆزىگە قاراپ كەتمەستىن، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلدۇرغان. بۇ ئائىلىدە دېموكراتىك كەيپىيات ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، مەسىلىلەر ئۈستىدە دائىم بەس مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن، ئۆز تۇرمۇشىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان، كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. تۆت يىل ئىچىدە ھېچقانچە كۈچىمەيلا سەككىز يىللىق دەرسلەرنى ئۆگىنىپ بولغان ھەمدە ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان.

يەنە بىر ساۋاقداش B نىڭ مەكتەپكە كىرگەن چاغدىكى زېھنىي بۆلۈنمىسى 134 بولۇپ، سىنىپ بويىچە 2-ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇ ھېسابلاش ماشىنىسىغا ھېرىسمەن بولغانلىقتىن، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئاساسەن ھېسابلاش ماشىنىسى

بۆلۈمچىسىدە ئۆتكۈزگەن، شۇنداقلا شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھېسابلاش ماشىنىسى مۇسابىقىسىدا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشكەن. 1-يىللىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بىر فروفېسسور ئۇلارنىڭ سىنىپىغا كېلىپ خەلقئارا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئولىمپىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇۋاتقاندا، بۇ ساۋاقداش فرافېسسورنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قىيىن مەسىلىنى توغرا يېشىپ بېرىپ، فرافېسسورنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇنىڭ ماتېماتىكا، تىل-ئەدەبىيات، بىئولوگىيە دەرسلىرىدىكى نەتىجىسى سىنىپ بويىچە 1-ئورۇندا تۇرغان. ھالبۇكى، بۇ ساۋاقداش ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۆسمۈر-باللار سىنىپىدا ئوقۇغان تۆت يىل ئىچىدە، نېمىگە قىزىقسا، نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلغان. دەرس ۋاقتىدا ئويناپ ئولتۇرغان، چامباشچىلىق كىتابلىرى ۋە باشقا كىتاب-ژۇرناللارنى ئوقۇغان. ئاخىرى بېرىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يوقاتقان.

ساۋاقداش C 14 ياش بولۇپ، تەجرىبە سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىش ئىمتىھانىدىكى نەتىجىسى سىنىپ بويىچە بىرىنچى ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى ئەقىللىك چاغلاپ، دەرسكە قۇلاق سالمىغان، تىرىشمىغان، بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىگەن، مەكتەپتىن قايتىپلا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا يۈگۈرۈيدىغان بولغاچقا، ئاتا-ئانىسى ئاچچىقىغا پايلىماي مەكتەپكە كېلىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى دۇمبالىغان، كېيىن ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئىدارىسىدىن رۇخسەت سوراپ، ئوغلىنىڭ مەكتەپتىكى ھەرىكىتىگە كۆز-قۇلاق بولغان. لېكىن كەمپىز ئوغلى ھەرئاماللارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆزىنى غەلىتە قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئالداپ، يەنىلا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا بېرىۋالغان. نەتىجىدە، ئۆگىنىش نەتىجىسى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ئاتا-ئانىسى باشقا مەكتەپكە يۆتكىۋەتكەن.

ساۋاقداش D 15 ياش بولۇپ، ئۆسمۈر-باللار سىنىپىنىڭ تۇنجى سىنىپ باشلىقى بولۇپ، ئائىلە شارائىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. ئۇ ئۆسمۈر-باللار سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى شەھەردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە پىئونېرلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان، نەۋرىسىنىڭ يارامliق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان مومىسى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن مەخسۇس ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولغان. نەۋرىسى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ناشتىلىقنى تەييارلاپ قويغان؛ ھاۋارايىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا، مەكتەپكە قېلىنراق كىيىم ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇ بىر ئاي ئىچىدە مۇسابىقە ۋېلىسىپىتتىن ئىككىنى يىتتۈرۈۋېتىپمۇ قىلچە ئۆكۈنمىگەن. بۇ ئوغۇل كىچىكىدىنلا كەمپىنىڭ يۇمشىقىنىلا ئاڭلاپ، مېنىڭ راست دەپ ئۆگىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆسمۈر-باللار سىنىپىدىكى «دانىشمەن باللا»لار توپى ئىچىدە چۆكۈپلا كەتكەن، بارغانسېرى ئالدىراڭغۇلىشىپ، ھە دېسىلا چېچىلىپ، تەدرىجىي ئىشەنچىنى يوقاتقان، بۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئالدىنقى 10-چىلىكتىن بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەن، سىنىپ باشلىقلىق «ئەمەل»ىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىپ، ئاخىرى بېرىپ باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قاتتىق ئۆكۈنگەن ھالدا: نامۇۋاپىق ئائىلە تەربىيىسى بۇ بالىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلدى، دېگەن.

ئىنسانىيەت تارىخىنى بېزىشقا سەۋەب بولغان پارلاق مەشھۇر ئادەملەر ۋە ھازىرقى كۈندە تالانتلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئالاھىدە تەربىيە كۆرۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىكى مۇنداق سېلىشتۇرمىدىن مەلۇمكى، ئادەمنىڭ تالانتلىق سەنئەتكار بولۇشىدا، يالغۇز ياشاش شارائىتىلا ھالقىلىق رول ئوينىمايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ پسىخىك پەزىلەتلىرى ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، قىيىن شارائىتلاردا قالغان ياكى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى بۈيۈك ئادەم بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھېسسىياتىغا ئالماشتۇرۇشى ياكى شۇنداق تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى شۇ ئادەمنىڭ پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە باغلىق بولىدۇ. ناۋادا ئادەمنىڭ ئەسلى تۇرمۇش ئاساسى ياخشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاپ كەتكۈدەك كۈچلەندۈرۈش رولىنى ئوينىيالمىسا، ئۇنداق ئادەملەر ئەسلىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان يۇقىرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردەك تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، تەبىئىي شارائىتلار پەيدا قىلغان كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدىغان كۈچلەندۈرۈش پسىخىكىسى ناھايىتى مۇھىمدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شىسۇن شۇنداق غەيرەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇشتىن كېلىپ چىققان قۇدرىتىنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈشكە ئىشلەتكەن.

ئادەتتىكى ئىشچىنىڭ بالىسى ھەممە سىنىپ بويىچە يېشى ئەڭ كىچىك بولسىمۇ مېھنەت سۆيىدىغان ئائىلە تەربىيىسىدە تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت كۈچلەندۈرۈش پەزىلىتى يېتىلدۈرگەن فوخۇادىمۇ ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ تۆۋەنچىلىكتىن قۇتۇلۇش، تېخىمۇ بۈيۈك نىشانغا ئىنتىلىش غەيرىتى قوزغالغان. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، پەزىلەت جەھەتتە چېنىققان ئادەملەردە ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاش ھېسسىياتى ناھايىتى كۈچلۈك

بولىدۇ، ئۇلار قانچە تۆۋەندە قالغانسېرى ئۆلگىرىلەش ھېسسىياتى جەمئىيەتمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ھەرقاچان ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىدىن بۈيۈك ئادەم بولۇشقا، ئۇتۇپ چىقىدىغان ئادەم بولۇشقا ئىرادە قىلىدىغان كۈچلەندۈرۈش كاتالىزاتورى ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىغا قۇل بولغان، ئۆزىنى: «بولغان يېرىم شۇ» دەپ تاشلىۋەتكەن ئادەملەردىكى ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى ئۆزىنى كەم تونۇشانسېرى كۈچىيىپ، ئۇنى ئاخىردا ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ.

«كۈچلەندۈرۈش» – يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ھەرىكەت ئىلمىدىكى بىر ئۇقۇم بولۇپ، تۈرلۈك ۋاستە ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكەت جەريانىنى كۈچەيتىش ياكى ئۆزگەرتىش، قوزغاش ياكى بېسىش دېگەن مەنادا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدىغان، قوزغايدىغان ۋاستە ۋە ئۇسۇللار مۇسبەت كۈچلەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى ئاجىزلىتىدىغان، باسىدىغان ۋاستە ۋە ئۇسۇللار مەنپىي كۈچلەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، رەھبەرلىك ئىتتىۋارلاش، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق مۇسبەت كۈچلەندۈرۈش بولۇپ، ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا كاتالىزاتورلۇق رولنى ئوينايدۇ؛ فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈك، ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر، بەختسىزلىكلەرگە يولۇقۇش، مەغلۇپ بولۇش، مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قېلىش، تۆھمەتكە ئۇچراش، نامراتلىشىپ كېتىش ۋە بۇلار ئارقىسىدا پەيدا بولىدىغان كەمسىتىلىش، خورلىنىشلار مەنپىي كۈچلەندۈرۈشكە كىرىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق مەنپىي كۈچلەندۈرۈش ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدا ناھايىتى ئېغىر بېسىم ھاسىل قىلىدۇ، ئەمما يەنە مۇنداق بېسىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكىمۇ ئايلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەنپىي كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئادەمنىڭ سەنئەتكارلىقتا غەلىبە قىلىشىدىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. مانا بۇ ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ھالقىسىدۇر. پسىخولوگ ئادلېرنىڭ: «ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى تولۇقلاش قۇدرىتى ئىنسانلار ھەرىكىتى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنىڭ ئاساسى» دېگەن ھۆكۈمى ئەنە شۇ يەردىن كەلگەن.

بۇنداق تولۇقلاش شەخسلەرگىلا ئەمەس، مىللەت، دۆلەتكىمۇ ئوخشاش كېلىدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەتتۇر. ياپونىيىدە تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرغان، ئۇلارنىڭ بۇنداق تولۇقلىشى نەتىجىسىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاۋات بازارلىرىنى ياپونىيىنىڭ ئەرزان ھەم چىداملىق ماللىرى ئىگىلەپ ئالغان. ئەگەر ئۇلار بايلىقى ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدىغان خەلق بولسا ئىدى، ئېھتىمال ئۇلاردا: «بىزنىڭ يۇرتتا ھەممە نەرسە بار» دېگەن ئىدىيە پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل مىللەتنى ھورۇنلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ قويغان بولاتتى. ھازىرقى دۇنيادا يەر بايلىقى مول بىرمۇنچە يەرلەردە نامراتلىق بولۇۋاتامدۇ؟ ئەمما، ياپونىيە يەر بايلىقى ئاز تۇرۇپ، دۇنياۋى ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەمەلىيەت ھەرقانداق نامرات خەلقنىڭ كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا باي بولۇش مۇمكىنلىكىنى، پسىخىكىسى پىسكىنلىشىپ كەتكەن ئالاق خەلقنىڭمۇ ئۆزلىرىنى خورلۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتكەندىن كېيىن كۈچىيىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەجەنبىيلەرنىڭ «شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى» دېگەن ھاقارىتىگە قالغاندا، بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىمىزنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى بولۇش غەيرىتىگە ئۆزگەرتەلىكىمىزمۇ ئەنە شۇنداق مەنپىي كۈچلەندۈرۈش مېخانىزمىنىڭ جۇڭگولۇقلاردىكى رولىدىن بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىل 1-سانىدا جاپپار قاسىم دېگەن ئاپتور ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «مىللەت ئويغىنىشقا قاراپ قەدەم قويدى، كىشىلەر مىللەتنىڭ تەبىئىيتىدىكى ئىللەتلەرنى بىلىپ يېتىپ ۋە ئۇنىڭدىن سەسكىنىپلا قالماي، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتسىز، قالاق، ئاجىز مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشكە باشلىدى. مىللەت قالاق بولسا، ئۆز تەرەققىياتىغا ئۆزى يۈتلىكاشالا بولۇپلا قالماي، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ يۈتلىكاشالا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىلغار، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى، ئىلغار مىللەتلەردەك دۇنياغا يۈزلىنىشنى، دۇنياغا تونۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى». بۇ سۆزنى گەرچە مىللەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە پسىخىكىلىق توغرا ھۆكۈم قىلغان دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەنە شۇنداق ئۆزىنى ئەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى تۈگىتىشتىكى مەنپىي كۈچلەندۈرۈش كاتالىزاتورىنىڭ رولىنى بىزنىڭ مىللىي ھاياتىمىزدىن ئېچىپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر تەرەپتىن كۆرۈلۈپ تۇرغان ئاجىزلىقلىرىمىزنى تونۇپ يەتسەك ۋە بۇ ئاجىزلىقلار بىزدە ھاسىل قىلغان ئۆزىمىزنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىدىن بۈيۈك مىللەت بولۇش غەيرىتىگە كەلسەك، بىزدىمۇ دۇنياغا يارامىلىق سەنئەت گۈللىرى ئېچىلىدۇ. شۇڭا بىزمۇ ئۆزىمىزنى تولۇقلاپ «ئىچكى قىسمىمىزدىكى ئىززەت-ھۆرمىتىمىزنى قىرقىيدىغان، بىرلىك-ھەمدەملىك قورغانلىرىمىزنى غۇلىتىدىغان، مەرىپەت سەرۋى-چىنارلىرىمىزنى ئوتۇن قىلىپ كەسلەيدىغان، كىم نەتىجە قازانسا ئۇنى قەستلەيدىغان ئىللەتلىرىمىزنى تۈگىتەيلى،

چەت ئەللەرگە ھېچ-ھەرىمگە بېرىپ، سۆزلىسە يۈزنى، قارىسا كۆزنى نومۇستىن ئۆلتۈرىدىغان ناچار سۈپەتلىرىمىز، ناباپ ئىللەتلىرىمىزنى تۈگىتەيلى! ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقىچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟ تارىختا نام-شەرىپىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالماي يوقىلىپ تۈگىگەن مىللەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىگە يارىشا «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» ئىدىغۇ! ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردا ساكلار، توخارلار، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، رۇسىيىلىك ئالىم مىلۇرانسكىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئۇيغۇرىزم» ھادىسىسىنى، ئامېرىكا ئالىمى گروسسارتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «چەتنىڭ قېلىپلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدىغان ئۇيغۇر سىستېمىسى»نى ياراتقانىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىرانلىق رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ، چاڭئەن-كونستانتىنپول سودا مۇساپىسىنى تىزگىنلەپ، لياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن بولىدىغان ھۆكۈمەت سودىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، لياۋ، سۇڭ ھۆكۈمەتلىرىنى شەھەر سودا مەھكىمىسى ئورنىغا «ئۇيغۇر بارگاھى»نى دەسسىتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار نوقۇل «كەتمەن بىلەن ھوسۇل»، «ناماز بىلەن غوسۇل»، «دۇتار بىلەن ئۇسسۇل»دىن ئىبارەت بارى-يوقى ئۈچلا شادلىق پىرقىرىما چاقتا بەنت بولغان مىللەت ئەمەس، ئەقىللىك مىللەت ئىدى. بۇنى ئويلاپ كۆرمەيلى!»①

## (2) ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى ھەر ئادەم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا تۈگىتىش

تالانت تەتقىقاتىدا بىزگە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ۋە بىزنى ئادەمدىكى غايەت زور يوشۇرۇن قابىلىيەتكە تەسلىم قىلدۇرىدىغىنى ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ كۆپچىلىكىدىكى جىسمانىي ئاجىزلىقتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلغان ئاشۇ ئاجىزلىقلار ئۇلارنىڭ ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. دۇنيادا «ئىنگلىك باشقۇرۇش ئىلاھىي» ئاتالغان سوئىچىرىيىلىك شىگىجىجۇدىن كىنىسلەر: «دۇنياۋى كاتتا كارخانا بەرپا قىلالىشىڭىزنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ تېنى ئاجىزلىقتىن ھاسىل بولغان كەمسىتىلىشتىن پەيدا بولغان تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سالغانلىقىنى ئېيتقان. راست دېگەندەك، ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى يالغۇز ئادەمنىڭ نورمۇش شارائىتىدىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق تۇغما فىزىئولوگىيىلىك ئەيىبلەرمۇ ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ تۇيغۇ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن يۇقىرى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، ئەمەلىيەتتە ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بويىچە ئۆزىنى تولۇقلاش ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش، كويىدا بولىدۇ. ئالايلۇق، مىلادىيىدىن بۇرۇن (384 ـ 322) ئافىنادا ئۆتكەن دېمۇ ستېنىس كېكەش بولمىغان بولسا ۋە يەنە دادىسىدىن 14 تالانت بايلىقىنى قانۇن ئارقىلىق مۇنازىرە قىلىپ قايتۇرۇپ ئېلىش ئېھتىياجى تۇغۇلمىغان بولسا، نۇتۇقتا ناتىق بولالمىغان بولاتتى. بېتخوۋېن گاس بولمىغان بولسا، مۇزىكىدا ئۇنچىۋالا ئۇتۇق قازانمىغان بولاتتى.

ئالايلۇق، مىجەز جەھەتتىكى ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى جىمخورلۇق، تارتىنچاقلىق، تەڭقىسلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇش تارىخىنىڭ ئۆزۈن-قىسقا بولۇشىمۇ ئادەمدە ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرمىگەنلەردە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرگە نىسبەتەن ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيالمىغانلاردىمۇ ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى بولىدۇ. يېزىدىن كەلگەنلەردە شەھەرلىكلەرگە نىسبەتەن ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى مەشھۇر ئادەملەر ياكى پۇلدارلار بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇلارغا يېتەلمىگەنلىكتىنمۇ ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللىقانداق نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلاردىن كۆرۈپ، شۇ تۈپەيلى غەم يەيدۇ، ئۆزىنى كەمسۇندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بۇنداق ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى يوقىتىش ئۇسۇلىنى تاللاپ بەس-بەس بىلەن ئىزدىنىشىدۇ، بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاملاشمايدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا قالغانلار ئۆزلىرىدىكى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسىنى يۈرىكىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا ئاسانلىقچە ئامال تاپالمايدۇ. بۇ بىر خىل ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق بولغاچقا، ئۇلار بۇنداق ئاجىزلىق ئالدىدا تەسلىم بولۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ-دە، بۇنداق ئادەملەردىكى ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۆچىيىپ كېتىپ، تۈگەتكىلى بولمايدىغان پالاكەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆزىدىكى ئاجىزلىق ھەرقانچە كۈچلۈك، ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى قورقۇنچلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز مەيۈسلەنمەسلىك، بەل قويۇپ بەرمەسلىك، بىر ئاماللار قىلىپ

① ئابدۇشۈكۈر مەتتىمىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995-يىل 5-، 6-سان، 40-بەت.

تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىدىغان قىزغىنلىقنى يېڭىباشتىن قوزغاش، ئۆلمىگەن جاندا ئۇمىد بارلىقىغا، كۈرەش قىلسا ئۆز قولىدىكى ئىشنى (پەقەت توغرا بولسىلا) باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

چۈنكى، سىزنىڭ مىڭىڭىز ھەرقانچە تۆۋەن تەبىئەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ بىر تۆمۈر تومشۇقنىڭكىدىن مىليون ھەسسە ياخشى. بىر تۆمۈر تومشۇق ھەر يىلى كۈزدە 30 مىڭ دانە قارىغاي ئۇرۇقىنى ئالتە-يەتتە مىڭ يەرگە كۆمۈپ قويۇپ، قىش كۈنلىرىنى ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئازماستىن كۆمۈپ قويغان يەرلىرىدىن ئېچىپ يەپ قىش چىقىرىدۇ. سىزنىڭ مىڭىڭىز بولسا 6000 دىن ئارتۇق نېرۋا ھۈجەيرىسى بىلەن 1000 تىرلىيون خاتىرە بىرلىكىنى ھاسىل قىلالايدۇ. سىزنىڭ كاللىڭىزدىكى بۇنداق زور ئىقتىدارغا يېتىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى تېخى بۇ دۇنياغا كەلمىدى. سىز تېخى مىڭىڭىزدىكى قۇۋۋەتنىڭ بىرنەچچە پىرسەنتىنىلا ئىشقا سالدىڭىز، قالغىنى سىزنىڭ كاللىڭىزدا ئۇخلىماقتا.

كاللىڭىزدا مانا مۇشۇنداق تولۇق نېرۋا ھۈجەيرىلىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق سىز تېخى: «مېنىڭ مېڭەم ياخشى ئىشلىمەيدۇ» دەمسىز؟ ئويلاپ بېقىڭا، كالا ئۇسسۇيدۇ، ئات تېپىدۇ، پىل چەيلىۋېتىدۇ، ئىت چىشلىۋالىدۇ دېگەن يەردە، شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ تەنتەربىيە ۋە سېرك مەيدانلىرىدا ئۇلار بىلەن شۇنچە ئەپلىك ئويۇنلارنى چىقىرىۋاتقىنىنى ۋە ئۇلارنى شۇنچە كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە سېلىۋاتقىنىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ دۇنيادا ئەڭ ۋەھشىي كۆرۈمسىز بولغان زۇلۇكلەرنىمۇ كۆندۇرۇپ بېقىۋاتقىنىنى كىنولاردىن كۆرگەنسىز؟ سىزمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەر قىلالمايدۇ دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلالايدىغان ھوشيار ئادەم. باشقىلار سۇ ئۈزەلمەيسەن دېسە، سۇغا چۈشمىسەك، ئات چاپالمايسەن دېسە، قورقۇپ ئاتقا مىنمىسەك، بىزنىڭ كاللىمىز نەگە كەتتى؟ باشقىلار بىزنى ئۇنى قىلالمايسەن، بۇنى قىلالمايسەن دەپ ئانى قىلىپ شۇنچە ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ كېتىۋاتسا، بىز يەنە ئاشۇنداق ئەخمەق بولۇپ يۈرۈمسىزمۇ؟

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ يالغان گېپىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزلىرىنى دۆت ھېسابلايدىغان، كىشىلەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئىشلىيەلمەيدىغان ئادەملەر بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار پەقەت ئاشۇنداق يالغانچىلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا كىرىپ قالغان. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئادەم، بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم ئەمەس، گۇناھتىن خالىي ھەممە ئادەم ئۇلۇغ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىمۇ تۈۋۋا قىلىپ گۇناھىنى يۇسا، يەنىلا ئۇلۇغلۇق يولىغا ماڭالايدۇ. ھەقىقىي تىرىشچان ئادەمنىڭ ھەرقاندىقى مۇۋەپپەقىيەتكە يېتىپ بارالماي قالمايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ قائىدە دۆلەت چېگرىسى ئايرىمايدۇ، ئىرق، سىياسىي چەكلىمىلەر بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. قاراپ باقايلى، دۇنياغا داڭلىق قەدىمكى گرېك شائىرى گومېرمۇ قارىغۇ ئەمەسمىدى؟ كىمدە كىم مەسىلىنى بۇنداق ئويلىماي، مەن ئۇنىمۇ قىلالمايمەن، بۇنىمۇ قىلالمايمەن دەپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭ يولۋاستەك كۈچى، ئالمىدەك زېھنى بار بولغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق دەپ يۈرگىنىنى كۆرگەن مايمۇن سۆيۈپ ئادەملەر شۇ ھامان قوزغىلىدۇ-دە، ئۇلۇغ خەنزۇ خەلق ماقالىسىدا «تاغدا يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ» دېگەندەك، سىزدەك ۋە سىزدىنمۇ قابىل دانىشمەنلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ئېلىپ: «ھە، قانداق، ئاۋۇ قىلالمايتتى، مانا مەن مۇنداق قىلدىم» دەپ جامائەت ئالدىدا «باتۇر» بولىدۇ. سىزنىڭ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىڭىزنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىپ داپ چالىدۇ. سىز تېخى بۇنداق ئىشلارنى ئاز كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، بىلىپ قويۇڭكى، سىز لېيىخالىق قىلغان ھامان بۇنداق مايمۇنلار تاغ يوق يەرلەردىنمۇ دەرھال ھازىر بولۇپ، كىچىك چوقىلارنىمۇ قويماي ئىگىلەيدۇ. ئۇنداق ئىكەن، بىز بۇنداق تۆۋەن تەبىئەتلىك ئويلاردا بولماسلىقىمىز كېرەك، بۇنداق كەمچىلىك ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆزىدە بولۇپ، باشقىلاردا يوق، باشقىلاردا بىزگە ئوخشىمايدىغان ئاجىزلىق بار. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك، چۈنكى، باشقىلار بىزنى كەمستۋاتقان چاغدا، بىز باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرغانسېرى، شۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىمىز-دە، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەنلەرگە تېزلا يېتىپ ئالالمايمىز، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىدىن قول سېلىپ، ئىقتىدارىمىزنى قەدەممۇ قەدەم ئۆستۈرۈپ ماڭساق، بىزنىڭ پۇختىلىقىمىز خۇددى خىزمەت ۋە ئوقۇشنى تاشلاپ پۇل تېپىۋاتقانلار ئۇزاققا بارماي ئىلىم-پەن سەۋىيىسىدە چېكىنىپ كەتكەنىنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىدارنى خورۇتۇپ مېڭىۋاتقانلارغا يېتىۋالىدۇ ياكى ئېشىپ كېتىدۇ.

— خىقنىڭ كەمستىشىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، — دەيدۇ بۇ ھەققە ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن تالانتلىق شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن، بىزنىڭ مۇشۇ كۆز قارىشىمىزنى ئەستىقلىغاندەك قىلىپ، — ئالدى بىلەن سوغۇققان، تەمكىن بولۇش، ئىشلارنى ھەر جەھەتتىن چاتاق چىقمايدىغان دەرىجىدە پۇختا قىلىش كېرەك. سەۋىيە ئۈستىدە كۆپرەك بىلىش قانۇرۇپ ئويلىنىپ، قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش كېرەك. ئۆز ئىشىغا پۇختا ئادەم باشقىلارنىڭ

ئالدىدا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

ھەربىر ئادەمنىڭ بىر كىشىلىك قانۇنىي ھوقۇقى بولىدۇ. دېھقان دېھقانچىلىقنى، موزدوز موزدوزلۇقنى، مۇئەللىم مۇئەللىمچىلىكنى، سودىگەر سودىسىنى، ھەرقانداق ئىش ئەھلى ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى ساختىلىقتىن خالىي پۇختا قىلسا، گەپ-سۆزدە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ. ئەمگەك ھەققىي قەدىرلەنگەن يەردە نامراتلىق، خورلۇق بولماسلىقى مۇمكىن. بولغان تەقدىردىمۇ خەلق ئۆز ۋىجدانىنىڭ قايناق ئىنتىلىش كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى، ئەمگەك ھالاللىق ۋە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەزىم دەريانىڭ جۇشقۇنلۇقى تامچىلاردىكى ئۇششاق كۈچلەردىن ھاسىل بولىدۇ.

ھەرقانداق ئىشتا پۇختا بولۇش كېرەك. شان-شەرەپ پۇختىلىقنى ئەگىپ كېتەلمەيدۇ①.

ئۇيغۇرلار «ئالدىرىغان يولدا قالۇر» دېگەندىمۇ، ئاشۇنداق پۇختىلىق- ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتىدۇ. باشقىلار شاپىلاپ كەتسە كەتمەمدۇ، ئەمما ئۇ مەڭگۈ سەن ئەمەستە. ھەر ئادەم ئۆزىگە نىسبەتەن بىر سىرلىق دۇنيا. ئەگەر ئۇسۇل ئۇنىڭدىن ياخشى تاللانسىلا، سەن ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىسەن، ئۆتۈپ كەتمىسەڭمۇ ئوركېستر ئىچىدىكى باشقىچىرەك بىر سۇنايىنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلاپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟ داڭلىق بىر ئىسكىرىپكا مۇئەللىمىدىن بىر ئوقۇغۇچى: «بۇ پەدىنى چېلىش بەك تەس ئىكەن، مەندە ئىسكىرىپكا چېلىشقا يارىمايدىغان بىر تۇغما ئاجىزلىق بولسا كېرەك، ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەنمۇ بىكارغا كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سورىغان. مۇئەللىم: «ياق، گەپ سىزنىڭ تۇغما ئىقتىدارسىزلىقىڭىزدا ئەمەس، بەلكى ئۇسۇلىڭىزنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدا» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە شۇ ھامان «مانا مۇنداق چالىسىز» دەپ ئۇنىڭغا توغرا چېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويغان، ھەمدە ئۇنىڭغا: «مۇشۇ چېلىش ئۇسۇلى بويىچە دەسلەپ ئۈچ كۈن ئاستا-ئاستا چېلىڭ، ئاندىن ئىككى كۈن سۈرئەتنى بۇنىڭدىن سەل تېزلىتىڭ، ئاخىرقى كۈنى ئىمكان بار تېزرەك چېلىڭ» دېگەن. بۇ ئوقۇغۇچى مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە بىر ھەپتە تىرىشىپ مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى خۇددى مۇئەللىمى ئېيتقاندەك، نەھايىتى ئوبدان چالالايدىغان بولغان.

شۇنداق، مۇئەللىم ئالدى بىلەن ئۇنىڭ جۈرئەتلىك بولۇشىغا ياردەم بەرگەن، ئاندىن توغرا ئۇسۇلنى ئۆگىتىپ قويغان، دەسلەپتە ئۇ ئوقۇغۇچى بۇ خىل چېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئاستا-ئاستا ئۆزىنىڭ سۈرئىتى بويىچە مەشىق قىلغان، ئاندىن سۈرئەتنى ئاستا-ئاستا تېزلەتكەن، ئالتە كۈنلۈك ئاساسىي مەشىق ئارقىلىق ئۇنىڭدا شەرتلىك رېفلېكس پەيدا بولۇپ ئۆز ئالدىغا بىر خىل سەزگۈ ياراتقان. شۇنداق قىلىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي-تېنىمەي ھەم ياخشى، ھەم تېز چالالايدىغان بولغان.

لېكىن، ياخشى چالالمىغان باللاردا ھەمىشە مۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن مەشىق قىلىش روھى بولمىغان. دوستلىرى ئۆزىدىن ياخشى چالسا ھە دېگەندىلا ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىرىغان، ئالدىرىغانسېرى جىددىيلەشكەن، جىددىيلەشكەنسېرى ياخشى چالالمىغان-دە، ئۆزىگە ئىنسىزلىك تېپىۋالغان.

شۇڭا، ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى بار كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە ئالدىرىماسلىقى، نىشانىنى زىيادە يۇقىرى بەلگىلىۋالماسلىقى، بەلگىلىگەن نىشانىغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېتىمەن دەپ زورۇقماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇنداق قىلغانسېرى ئۆزىنى، ئوي-خىيالىنى شۇنچە ئەركىن تۇتالمايدۇ، ئىشنىڭ ئۈنۈمىمۇ شۇنچە ناچارلىشىپ كېتىدۇ.

بۇنداق چاغدا خۇددى ئاشۇ ئەقىللىك مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسىغا ئېيتقاندەك، قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بويىچە ئاساسىي مەشىقتىن باشلاش كېرەك. بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ قارىشىچە، ئاۋارىچىلىقتەك بىلىنسىمۇ لېكىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئادەم ئۇنىڭ بارا-بارا ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ، ئىشلەي دېسىلا ئۆزىنىڭمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، تىرىشىشنى خالايدىغان بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش تۇيغۇسى ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. بىر ئادەمدە،بىر دۆلەتتە، بىر مىللەتتە ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى تونىتىدىغان قۇدرەت بولۇشى، ئۆزىنى-ئۆزى تەشۋىق قىلىدىغان روھىيەت بولۇشى كېرەك.

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995-يىل 5 — 6-سان، 101-بەت.

# تەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر

ئىبراھىم مۇتئى

يېقىندا «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ لېنىنگرادتىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ل. يۇ. تۇگۇشېۋا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، موسكۋا ـ پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا چېلىققان تەكلىماكان ئەتراپىدىكى VII ئەسىرگە ئائىت بىر مۇنچە شەھەر ناملىرى دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى، مەھمۇد قەشقەرىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تەرجىمان، تىلشۇناس سىنقۇسېلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەردە شۈەن زاڭ تەرىپىدىن خەنزۇچە خەتلەر بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان ياكى مەنە تەرجىمىسى بېرىلگەن بىر مۇنچە يەر ناملىرىنىڭ يەرلىك خەلق تىلىدىكى ئەسلى تەلەپپۇزى ئېنىقلاپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلغان ئالىملار سىنقۇسېلى تۇتۇڭ بۇ ئەسەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئىلگىرى شۈەن زاڭ يۈرۈپ ئۆتكەن يەرلەرنى بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ بۇ يەرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىققان، بولمىسا خەنزۇچىدىن ئەسلى تەلەپپۇزنى بىلىش بەك قىيىن بولغان يەر ناملىرىنىڭ مۇنداق توغرا تەرجىمە قىلىنىشى بەك تەس، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

مەن سىنقۇسېلى تۇتۇڭ تەرجىمىسىدە ئۇچرىغان بۇ شەھەر ناملىرىنى شۈەن زاڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى «كېرۈكى ئەللەر ئۆتۈگى») نىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى، ئاتاقلىق سانسكرىتشۇناس ئالىم جى شيەنلىن ئەپەندى تەھرىرلىكىدە نەشرگە تەييارلانغان شەرھى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، مەزكۇر شەھەر ناملىرى ھەققىدە بەك قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ مەلۇماتلارنىڭ شىنجاڭغا ئائىت قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور گېڭ شىمىن تەرىپىدىن تەييارلانغان. تۆۋەندە مەن «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىكى ئەنە شۇ شەھەر ناملىرىنى ۋە بۇ ھەقتە «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» گە شەرھى» دە توپلانغان مەلۇماتلارنى كىتابخانلارغا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

**كەش بالىق (قەشقەر)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 78ـۋاراق، 9ـقۇر)دا قەشقەر «كەش بالىق» دېيىلگەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بالىق» شەھەر دېگەن بولىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە قەشقەر سۇلېگو ( 疏勒国 ) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. شۈەن زاڭ بۇ شەھەرنى «چۇشاگو» ( 去沙国 ) دەپ ئاتىغان. بۇ «كەش بالىق»نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ ـ مەنە تەرجىمىسى. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە مەنبەلەردە « 竭石 » (جېيشى) « 竭叉 » (جېيچا)، « 迦舍 » (جياشى)، « 伽师 »(جياشى) دېگەندەك خىلمۇ خىل شەكىللەردە يېزىلغان يەر ناملىرى «كەش» ياكى «كاش» دېگەن يەر نامىنىڭ ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن ھەر خىل خەنزۇچە خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئاھاڭ تەرجىملىرىدىن ئىبارەت. شۇ دەۋردە ھىندىستانغا ساياھەتكە بارغان خۇي چاۋ ئۆز ساياھەتنامىسىدە «سۇلېگە يېتىپ كەلدىم، چەت ئەللىكلەر (يەرلىك خەلقنى دېمەكچى)بۇ شەھەرلەرنى « 伽师祇离国 » (جياشىدىلى مەملىكىتى) دەيدۇ» دەپ يازىدۇ.

بۇ ئاھاڭ تەرجىملىرى ئىچىدە جياشىدىلى ( 伽师祇离 ) ياكى «جياشىجىلى» ( 伽师吉黎 ) دېگەنلەر «كاشغەر» دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئەڭ كونا ئاھاڭ تەرجىمىسى. دېمەك خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇزاق مۇددەت «سۇلې» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ يەر ئىسمى شۇ دەۋردىلا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «كاشغەر» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

قەشقەرنىڭ «سۇلې» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئىسىمنى «سوغلاق» ياكى «سوغداق» دېگەن مىللەت ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ (سوغدى تىلىدا «ل» تاۋۇشى

بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى بار. سوغدى تىلىنىڭ بىر شىۋىسىدە بۇ مىللەت نامى سوغداق دېيىلسە، قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلار شىۋىسىدە سىرغلاق دېيىلىدۇ). خېرمان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ پىكىرگە فرانسىيە ① ئالىمى پېللىئوت رەسمىي ھۆججەت ئاساسى يوق، دەپ قوشۇلمايدۇ. «سوغداق» دېگەن ئىسىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ «سوغداق» لارنى ئاتىشى، قەشقەردىن باشقا لوپنۇر ۋە دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى دەريالارنىڭمۇ «سۇلىپ» دەپ ئاتىلىشى بۇ يەرلەردىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە سوغدى سودا مەركەزلىرى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىسىمنى بەزى ئالىملار تۈركىي تىلىدىكى «سۇلىق» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسىمۇ، لېكىن بۇمۇ بىر پەرەزدىنلا ئىبارەت. بۇنىڭمۇ ھازىرچە ھېچقانداق يازما ھۆججەت ئاساسى يوق.

كاشغەر دېگەن ئىسىمغا كەلسەك، بۇ ئىسىم كاش (خەنزۇچە جياشى) بىلەن «غار» دېگەن ئىككى قىسىمدىن قۇرۇلغان. قەدىمكى ساك تىلىدا «غاررى» دېگەن سۆز «رايون، مەملىكەت ياكى شەھەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ②. «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان سىنقۇسېلى تۇتۇڭ «غار»نى «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلىپ، كاشغەرنى «كەش بالىق» دەپ ئىپادىلىگەن.

بۇ ئىسىم تەركىبىدىكى بىرىنچى سۆز «كەش» ياكى «كاش» قا كەلسەك، بەزى ئالىملار بۇ سۆز قەدىمكى ھىندى مەنبەلىرىدە ئۇچرايدىغان ھىمالايا تاغلىرىدا ياشايدىغان كاشال دېگەن قەبىلە ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. خوتەن ساك تىلىدىكى «تاڭغۇت يولىغا ساياھەت خاتىرىسى»③ دېگەن ھۆججەتتە قەشقەر «گاسجاڭ» دېيىلگەن. بۇ ھۆججەتتىن مەلۇم بولىشىچە، «خوتەن ھۆكۈمدارى ۋىساراسىياخاقەشقەر ھۆكۈمدارىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، قەشقەردە گاسونا «قەشقەرلىق» ) دېگەن نامدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. خوتەن ساك تىلىدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» تاۋۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئومۇمەن «ق» ياكى «خ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن ساك تىلىدا «گا» سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى ھۆججەتتە «يۈمىن» شەھىرى گاكامانا دېيىلگەن. بىزگە مەلۇم، خەنزۇچە 玉 (يۈ) قاشتېشى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا كاشغەردىكى «كاش» سۆزى قاش تېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.

دېمەك، «كاشغەر» دېگەن ئىسىم كاش + غار دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنچى سۆز قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىككىنچى سۆز «شەھەر» دېگەن بولىدۇ.

شۈەن زاڭ بۇ يەردىكى خەلقنىڭ يېزىقى ئەنەتكەك (ھىندى) يېزىقىدىن كەلگەن، تىلى باشقا ئەللەر تىلىدىن پەرقلىنىدۇ دەيدۇ. ھازىر يەر ئاستىدىن تېپىلغان خەت-چەكلەردىن قارىغاندا مىلادى I ئەسىردىن بېرى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى خوتەن ۋە غەربىي ئېتىكىدىكى بارچۇق (مارالبېشى) ئەتراپىدا (قەشقەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن) ياشىغان خەلق ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىرىغا كىرىدىغان بىر قانچە خىل دىئالېكتىدا سۆزلىگەن. بۇ تىللار ھازىرقى تاشقورغان تاجىك تىلىنىڭ شۇغنان ۋە ۋاخان دىئالېكتلىرى بىلەن بىر سىستېمىغا كىرىدۇ. بۇ يەرلەردىن تېپىلغان ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلار تىلىنى ھازىر ئالىملار «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئاتايدۇ. بارچۇقتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار تىلىنى «تۇمشۇق ساك تىلى» دەپ ئاتايدۇ.

**ئۇسار بالىق (يەكەن)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى V باب، 59 - بەت، 24 - قۇردا «ئۇسار بالىق» دېگەن شەھەر ئىسمى ئۇچرايدۇ. (خەنزۇچىدا بۇ شەھەر 乌刹国 - ئۇسار مەملىكىتى دېيىلگەن)، بۇ شەھەرنى توگۇشېۋا «يېڭىسار» دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ ④. يېڭىسار كونا ئۇسار بالىق ئورنىدا مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا، بۇ شەھەر يېڭى

ئۇسار ـ پىگسار بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ستەيىن ئۇسار بالىقنى يەكەن بىلەن پىگسار ئارىلىقىدا بولغان بىر شەھەر، دەيدۇ. فرانسىيە ئالىمى پېللىئوتمۇ ستەيىننىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. ئەمما ياپون ئالىمى بەينياۋ كۇجى ئۇسار بالىق يەكەندۇر، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەزىلەر ئۇساربالىق تاشقورغاننىڭ شەرقىي ـ شىمالىدىكى چېھىل گۇمبەز ياكى پىگسارنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز ياردا بولسا كېرەك دەيدۇ.

«غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى بۇ شەھەر، پامىردىن شەرققە قاراپ 800 يول يىراقلىقتا، جەنۇبتا ستى ئۆگۈز (يەكەن دەرياسى) گە تۇتىشىدۇ، دېگەن سۆزلەردىن ۋە شۇەن زاڭنىڭ بۇ مەملىكەت ھەققىدىكى بايانلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان ئۇسار ناھايىتى چوڭ بىر بوستانلىق بولۇپ، بۇ ئەتراپتا پەقەت يەكەنلا ئەنە شۇنداق زور كۆلەمدىكى بوستانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا «ئۇسار بالىق» پىگسار ئەمەس، بەلكى يەكەن بولۇشى كېرەك، دېگەن كۆزقاراش بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

تارىختىن بىزگە مەلۇم، مىلادىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ خەنزۇچە يىلنامىلاردا يەكەن « 莎车 » (ساچې) دەپ خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە. خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە بۇ ئىككى خەتنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى Sake ياكى Saka بولۇپ، بۇ ئىسىم شۇ دەۋردە بۇ يەردە ھۆكۈمران بولغان ساك دېگەن قەبىلە ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. سىنقۇ سېلى تۇتۇڭدىن بىر ئەسىر كېيىن ئۆتكەن مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ شەھەرنى «ياركەنت» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىسىم ئېگىز يار دېگەن مەنىدىكى يار بىلەن شەھەر دېگەن مەنىدىكى پارسچە «كەنت» دېگەن سۆزلەردىن قۇرۇلغان.

يەكەن دەرياسى بۇ يەردە «ستى ئۆگۈز» دەپ ئاتالغان، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «ستى» سانسكرىتچە « Sita »دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۈددا نوملىرىدا يەكەن دەرياسى شۇ جۈملىدىن پۈتۈن تارىم دەرياسىمۇ «ستى ئۆگۈز» (ستا دەرياسى) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. خەنزۇچە بۈددا نوملىرىدا بۇ دەريا ئىسمى « 死多 » (سىدو)، « 私他 » (ستا)، « 私多 » (سىدو)، « 私陀 »(ستو)، شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلمەكتە. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە « 徒多河 »(تۇدوخې) دېيىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ستا» دېگەن سانسكرىتچە ئىسىمنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى.

**كاۋانتا (تاشقورغان)**

«شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا بۇ شەھەر نامى « 劫盘陀 »(چېيپەنتو) دېيىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىدا «كاۋانتا» دېيىلگەن. خەنزۇچە مىلادى باشلىرىغا ئائىت تارىخنامىلەردە « 蒲梨 » (پۇلى) دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ئىسمى بۈددا نوملىرىدا « 诃盘陀 » (كېپەنتو)، « 汉盘陀 » (خەنپەنتو) دېگەندەك شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاپانتا ياكى كاۋانتا دېگەن ئىسمىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى، «تاشقورغان» دېگەن نام ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن «ھۇدۇدۇلئالەم» دە 1-قېتىم تاش مۇنار ياكى تاشقورغان شەكلىدە ئۇچرايدۇ، دېمەك، VI ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا تاشقورغان «كاۋانتا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**چەكۈك بالىق (قاغىلىق)**

«شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا بۇ شەھەر « 斫句迦 » (جېجۈجيا) دەپ يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ( V باب، 16-ۋاراق، 19-قۇر) دا بۇ «چەكۈك بالىق» دەپ يېزىلغان. «چەكۈك» دېگەن بۇ نام سانسكرىتچە يادنامىلاردا چاكۇكا ياكى چاكۇكالا شەكىللىرىدە يېزىلغان. بۈددا دىنىغا ئائىت باشقا خەنزۇچە يادنامىلاردا بۇ يەر ئىسمى « 周吉河 » (جۇجىخې)، « 遮拘迦 » (جې جۈجيا)، « 遮启迦 » (جېچېجيا) دېگەن شەكىللەردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىسىمنىڭ سانسكرىتچە شەكلى. سىنقۇ سېلى تۇتۇڭ بۇ نامنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭ سانسكرىتچە شەكلىنى ئاساس قىلماي ئالماي يەرلىك خەلق تىلىدىن جانلىق ئاتىلىشىنى ئاساس قىلىپ ئالغان. دېمەك، قاغىلىق شەھىرى VI ئەسىرلەردە «چەكۈك بالىق» دەپ ئاتالغان.

**ئۇدۇن (خوتەن)**

«شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا ( V باب، 63-بەت، 12-، 22-قۇرلار) خوتەن دېگەن نام «ئۇدۇن» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بۇ شەھەر «ئۇدۇن» دېيىلگەن. خەنزۇچە يىلنامىلاردا بۇ شەھەر ئىسمى « 兀丹 » (ۋۇدەن)، « 于阗 » (يۈتيەن)، « 于窴 »(يۈجى) شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلگەن. بۇلار «ئۇدۇن» دېگەن ئىسىمنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەردە بۇ شەھەر

ئىسمى « 斡端 » (ۋودۇن) ياكى « 忽炭 » (ۋۇتەن) شەكىللىرىدە يېزىلغان. بۇ «خوتەن» دېگەن ئىسمىغا ئەڭ يېقىن ئاھاڭ تەرجىمىسى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تارىختىن خەۋەرسىز بەزى مەنسەپدارلارنىڭ خاتالىقى سەۋەبىدىن خوتەننىڭ قەدىمكى ئىسمى بولغان «ئۇدۇن» ( 于阗 ) ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسىگە يۆتكەپ قويۇلغان. «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا خوتەن « 瞿萨旦那 » (چۈسادەننا) دېيىلگەن. بۇ خوتەننىڭ ئەسلى ئىسمى بولغان Gostana (گوستانا) دېگەن سانسكرىتلاشقان شەكلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

بىلىمىز ئالىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە « 于阗 »(يۈتيەن) دېگەن خەت «odan» (ئودان) دەپ ئوقۇلغان. «تۇنيۇقۇق» ئابىدىسىدە خوتەن دېگەن ئىسىم «قورتان» دەپ يېزىلغان. بۇ شەكىل خوتەننىڭ قەدىمكى كۇسەن (توخار) تىلىدىكى ۋارىيانتى بولغان «كورتتانا» دىن كەلگەن بولسا كېرەك ⑤.

شۈەن زاڭ «گوستانا» سۆزىنى ئىزاھلاپ «گو - يەر، يەر - زېمىن» دېگەن بولىدۇ، «ستانا» سانسكرىتچە ئەمچەك دېگەنلىكتۇر، شۇڭا «گوستانا» دېگەن سۆز «يەر ئەمچىكى» دېگەن بولىدۇ. بۇ خىل تەھلىل خوتەننىڭ بىنا بولۇش ھەققىدىكى بىر ئەپسانىۋى رىۋايەتتىن كەلگەن ⑥.

بۇ رىۋايەت بويىچە، قەدىمكى زاماندا (ئالىملارنىڭ تەھلىلىچە مىلادىدىن ئاۋۋالقى I ئەسىردە) خوتەننى بىنا قىلغان ھۆكۈمدار ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادى بولماي، خەلق قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئاقساقاللارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن خوتەننىڭ ھامىيسى ھېسابلانغان بىسامەن تەڭرى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، بىسامەن تەڭرىدىن بىر بالا تەلەپ قىلغان. بىسامەن تەڭرى ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىدىن تەسىرلىنىپ پېشانىسىنى يېرىلدۇرۇپ بىر بوۋاق چىقىرىپ بەرگەن. خوتەن خەلقى بەك خۇشال بولۇپ، بۇ بوۋاقنى شەھەرگە ئېلىپ كەلگەندە بوۋاق ئەمچەك ئەممەي تۇرىۋالغان. خەلق بوۋاقنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە بىسامەن تەڭرى ئالدىغا نەزىر-نۇزرەت قىلىپ بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. بىسامەن تەڭرى بۇلارغا بىر كارامەت كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى يەردىن ئەمچەككە ئوخشاش بىر كىچىك دۆڭ پەيدا قىلغان، ئاندىن بۇ دۆڭدىن شېكەر قومۇشى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ قومۇشتىن سۈتكە ئوخشاش ئاق شەربەت قايناپ چىققان. خەلق شۇ شەربەت بىلەن بوۋاقنى ئوزۇقلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بوۋاق ساغلام چوڭ بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر بىر يىگىت بولۇپ يېتىشكەن. تەختكە ئولتۇرۇش يېشىغا يەتكەندە خوتەن خەلقى ئۇنى خوتەنگە پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك خوتەن شەھىرىنىڭ نامى «گوستانا» (يەر ئەمچىكى) بولۇپ قالغان. ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت بىر رىۋايەت، فرانسىيە ئالىمى پېللىئوت بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنى يەكۈنلەپ: خوتەن دېگەن ئىسىم مىلادىدىن ئاۋۋالقى I ئەسىردە «Gotan» (گوتان) دېيىلگەن، مىلادىنىڭ باشلىرىدا «Gostana» (گوستانا) دېيىلىپ، ھەر ئىككى ئىسىم تەڭ ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇ ئىسىملارنىڭ ھەر ئىككىسى «گوئېلى» ياكى «گوئىستان» (گو مەملىكىتى) دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «گو» خوتەندىكى بىر قەدىمكى قەبىلە ئىسمى. خوتەندە ئومۇمەن گو، گۆي بوغۇملىرى ئارىلاشقان يەر ناملىرى كۆپ ⑦.

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «خوتەن» نىڭ «ئۇدۇن» دېيىلىشىگە كەلسەك، تۈركىي تىللاردا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» ياكى چۈشۈپ قالىدۇ، ياكى بولمىسا «ق» «خ»غا ئالمىشىدۇ. چۈشۈپ قېلىشىغا «ئۇدۇن» (گوتان سۆزى لەۋلىشىپ «ئۇدۇن» بولغان)، «ق» «خ» غا ئۆزگەرگىنىگە قورتان ياكى «خوتەن» ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا خوتەننىڭ تىل - يېزىقى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىككى بىتكى (بار) يىراقتا ئەنەنىنىڭ ئۆزگىكىن ئاغىرلا يۇرلار، ياغۇقتا ئۆز ئۆزگىكلەرىن تۇتار. ئۆز ئۆزگىكلەرى يەمە ئەنەنىكەچەسكە ئۆك ئەرىپ، ئىنچايەنە ئانچە قىيا تەگشىلۇر». (ئىككى خىل يېزىقى بار، تاشقىرىغا نىسبەتەن ئەنەتكەك (ھىندى) يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ، ئۆز ئىچىدە ئۆز يېزىقلىرىنى ئىشلىتىدۇ، ئۆز يېزىقىمۇ ئەنەتكەك يېزىقىغا ئوخشاش بولسىمۇ (ئەمما) ئۇنىڭدا يەنە بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار) ⑧.

X XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر خارابىلىرى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەردىن قەدىمكى براخما يېزىقىدا (ياكى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋارىيانتىدا) يېزىلغان نۇرغۇن قولىيازمىلار تېپىلدى. باشتا بۇ قول يازمىلارنى ھېچكىم ئوقۇيالمىدى. نېمىس ئالىمى لېۋمان (Leuman) I - بولۇپ بۇ يېزىقنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇ تىل ھەققىدە توغرا بولمىسىمۇ بەزى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ تىل بىر خىل قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا شەرقىي ئىران تىلىغا خاس گرامماتىك قۇرۇلمىلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەمما لېكسىكا جەھەتتە ئۇنىڭدا ھىندى تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. 1914-يىلى نورۋېگىيە ئالىمى ستېن كونوۋ «خوتەن تىلى ھەققىدە تەتقىقات»⑨ ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇ

تىلنىڭ قەدىمكى خوتەندىكى يەرلىك خەلق تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ تىل بىر خىل ساك تىلى بولغانلىقتىن باشقا ساك تىللىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئات قويۇلدى.

ئەنگلىيە ئالىمى ھ. ۋ. بەيلى بۇ تىلدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مىلادى I ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى ⑩. بۇ يازما يادىكارلىقلار تىلدا شېۋە پەرقىمۇ مەۋجۇت. ئۇنىدىن تاشقىرى بۇ تىل قەدىمكى خوتەن ساك تىلى ۋە كېيىنكى خوتەن ساك تىلى دېگەن تۈرلەرگىمۇ بۆلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ خېلى چوڭ پەرق بار. بەزى پارچە ـ پۇرات ھۆججەتلەردىن قارىغاندا ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىردە قەشقەر رايونىدىكى يەرلىك خەلقمۇ بىر خىل ساك تىلىنى ئىشلەتكەن.

ھازىر ئېلان قىلىنغان خوتەن ساك تىلىدىكى ئەسەرلەر خېلى كۆپ، بۇلار مەزمۇن جەھەتتىن بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر، تىبابەتكە ئائىت ئەسەرلەر، خەت ـ چەكلەر دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر نوملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك بۇ تىلدىكى تەرجىملىرى بار. مەشھۇر تىببى ئەسەرلەردىن سىددا سارا «Siddhasara» ئەنە شۇ خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان. ھازىر تۈبۈت (قەدىمكى تىبەت) تىلىدا ساقلانغان «خوتەن تارىخى» نى بەزى ئالىملار ئەسلى خوتەن ساك تىلىدا يېزىلىپ، تۈبۈتچە تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشتا. بۇ ئەسەرنىڭ خوتەن ساك تىلىدىكى نۇسخىسى يوقالغان. خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر (بولۇپمۇ شېئىرلار) مۇ بار. مۇشۇنداق شېئىرلار ئىچىدە بىر قەدىمكى خوتەن شائىرىنىڭ باھارنى كۈيلىگەن شېئىرى ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد شەھىرىدە ساقلانماقتا. قەدىمكى خوتەن ھۆكۈمدارلىرىدىن سانىرانىڭ گەنسۇدىكى ساجۇ «دۇن-خۇاڭ» غا ياتلىق قىلىنغان مەلىكىسىنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەۋەتكەن بىر شېئىرىمۇ فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە ساقلانماقتا.

قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدا ئەسەر يازغان يازغۇچىلاردىن بىزگە ئىسمى مەلۇم بولغان ئۈچ ئادەم بار، بۇلار: Sikxananda (سىكشاناندا)، Divapralna (دىۋاپراژنا)، vedyesila (ۋېدىيېسىلا). بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋېدىيېسىلا تەرىپىدىن يېزىلغان «بۇددا ھاياتىغا مەدھىيە» ناملىق 600 مىسرالىق داستان تولىمۇ قىممەتلىك ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ ⑪.

**مىركەي بالىق (گۇما)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا، V باب، 70 ـ بەت، 7 ـ قۇر) «مىركەي» ياكى «مىركەيچى بالىق» دېگەن شەھەر نامى بار. خەنزۇچە نۇسخىسىدا بۇ شەھەر نامى «勃伽夷城» (بوجايىچېڭ) دەپ يېزىلغان. ستەيىن بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنى خوتەن بىلەن قاغىلىق ئوتتۇرىسىدىكى پىيالمىغا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ ⑫. نىڭ ۋېنبى ئەپەندى گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق زاڭگۇي بازىرى يېنىدىن دائىرىسى ئون يول كېلىدىغان بىر چوڭ شەھەر خارابىسىنى تاپقان. بۇ خارابە سوراشان بۇغرا مازار دېگەن جايغا توغرا كېلىدۇ. «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە بۇ شەھەر (يەنى مىركەي شەھىرى) خوتەندىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا تەخمىنەن 300 يول يىراقلىقتا دېيىلگەن. بۈگۈنكى خەرىتىدىمۇ خوتەن بىلەن زاڭگۇي بازىرىنىڭ ئارىلىقى 270 يول ئەتراپىدا. بۇ ئارىلىق شۈەن زاڭ ئېيتقان 300 يولدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ. شۇڭا، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ پىكرى بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق ⑬. شۇنداق بولغاندا قەدىمكى مىركەي شەھىرى ھازىرقى گۇما ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.

**بىم بالىق (چىرا)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمھالى» «ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 83 ـ بەت، 16 ـ قۇر) دا «بىم بالىق» دېگەن شەھەر نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ نام خەنزۇچە «媲摩» (پىمو) دەپ يېزىلغان. تۈبۈتچە يادنامىلاردا بۇ شەھەر bye ma — ياكى phye — ma دەپ يېزىلغان ⑮. بۇ نامنىڭ نېمىدىن كەلگەنلىكى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار: 1. بۇ نام سانسكرىتچە Bhima دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ خوتەن خەلقى ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئىلاھنىڭ ئىسمى ⑯. 2. بۇ نام تۈبۈتچە Bye — ma (قۇم) دېگەن سۆزدىن كەلگەن ⑰. بۇ شەھەر ستەيىننىڭ ئېنىقلىشىچە چىرا ناھىيىسىدىكى ئۇزۇن تات، ئۇلۇغ زىيارەت ياكى ئۇلۇغ مازار دېگەن جايلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى بولغان.

**ئۇغاي بالىق (نىيە)**

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 84 ـ بەت، 21 ـ، 22 ـ قۇرلار) دا «ئۇغاي بالىق» دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە نۇسخىدا بۇ شەھەر نامى «尼壤» (نىراڭ) دەپ يېزىلغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى

مۇجەمتەلەردە Nina دەپ يېزىلغان. خەن سۇلالىسى يىلنامىلىرىدا بۇ يەردىكى شەھەر دۆلىتى «精绝» (جىڭجۈ) دەپ ئاتىلىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ دۆلەت ئىسمى Catoda دەپ يېزىلغان. دېمەك بۇ يەردە قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ئەسلى ئىسمى «چادوتا» بولۇپ، خەنزۇچىغا «精绝国» (جىڭجۈگو) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ دۆلەتنىڭ ئورنى مانا شۇ نىيە ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرقى نىيە ناھىيە بازىرىنىڭ 65 كىلومېتر شىمالىدىكى قۇملۇقتا، خارابە دائىرىسى 25 كىلومېترغا سوزۇلىدۇ [18].

## ئەسكى توخرى بالىق (ئەندىرە)

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 85 - بەت، 8 - قۇر) دا توخرىلارنىڭ ئەسكى بالىقى دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. ستەيىن بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى ئەندىرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ مۇقىملاشتۇرغان. ستەيىن بۇ شەھەر خارابىسىدىن نۇرغۇن مىقداردا قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تاپقان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مىلادى 719 - يىلىغا ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتمۇ بار. ئىبادەتخانا خارابىسىدىن براخما ۋە تۈبۈت يېزىقلىرىدا يېزىلغان نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار تېپىلغان [19].

شۈەن زاڭ تىلغا ئالغان بۇ توخرى شەھىرى ھەققىدىكى مەلۇمات نۇرغۇن ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى. ھازىرغىچە بۇ يەردە ئېيتىلغان توخرىلارنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئورتاق پىكىر يوق. بۇ يەردە ئېيتىلغان توخرىلار كىچىك يۈشىلەر (ياۋچىلار؟) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دېگەن پىكىرمۇ بار. كۇچادىن تېپىلغان توخرى تىلىدىكى ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، تەكلىماكاننىڭ شىمالىي (قارا شەھەر، كۇچالار) دا ياشىغان توخرىلار بىلەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا ئۆتمۈشتە ياشىغان توخرىلار ئارىسىدا قانداقتۇر مۇناسىۋەت بولغان بولسا كېرەك.

## سارامادان بالىق (چەرچەن)

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 85 - بەت، 10 - قۇر) دا «سارامادان بالىق» دېگەن شەھەر ئىسمى ئۇچرايدۇ. خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر ئىسمى «چالمادان» دەپ يېزىلغان. خەنزۇچىسىدە بۇ شەھەر نامى «折摩驮那» (جېمودونا) ياكى «且末» (چيېمو) دەپ يېزىلغان. تۈبۈتچە ھۆججەتلەردە Car — Can (چارچان) ياكى Cercen (چەرچەن) دەپ يېزىلغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بۇ نام «چەرچەن» دەپ يېزىلغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە بۇ شەھەر «址昌» (جىچاڭ)، چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە «车尔成» (چېئېرچېڭ) شەكلىدىمۇ يېزىلغان. ھازىر خەنزۇچىدە «且末» (چيېمو) ئۇيغۇرچە «چەرچەن» دەپ ئاتالماقتا.

بۇ كونا شەھەر خارابىسىنى بەزى ئالىملار چەرچەن ناھىيە بازىرىنىڭ 15 كىلومېتر جەنۇبىدا دېسە، بەزىلەر چەرچەننىڭ غەربىي - شىمالىدىكى كىلچاڭ دېگەن جايدا، دەيدۇ. فرانسۇز ئالىمى گرىنارد بۇ شەھەر خارابىسى چەرچەننىڭ 120 كىلومېتر شىمالىدىكى تارتىراڭ دېگەن جايدا، دەيدۇ [20].

## نوپ (چاقىلىق)

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 85 - بەت، 15 - . 17 - قۇرلار) دا «نوپ» دېگەن شەھەر ئىسمى بولۇپ، بۇ لولەن دېگەن يەردۇر، دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇ يەر خەنزۇچىدە «纳缚波» (نابوپو) دەپ يېزىلغان. قەدىمكى تۈبۈتچە ھۆججەتلەردە بۇ ئىسىم NOP (نوپ) دەپ يېزىلغان. «مار كوپولو ساياھەتنامىسى» دە بۇ يەر ئىسمى «لوپ» دەپ يېزىلغان. بۇ يەر ھازىرقى چارقىلىققا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خوتەننىڭ شەرقىدىكى بىر ناھىيە لوپ دەپ ئاتىلىدۇ.

«نوپ» دېگەن يەر ئىسمى بەزى ئالىملارنىڭ تەھلىلىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بۇ يەردە ياشىغان سوغدىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىسىم سوغدى تىلىدا «نەۋئاب» (يېڭى سۇ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. نەۋئاب تۈبۈتچە «نوپ» قا ئۆزگەرگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا لوپ بولۇپ قالغان. مىرەندىن تېپىلغان تۈبۈتچە ھۆججەتتە «نوپ چىن» ۋە «نوپ چاڭ» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ (چارقىلىقنىڭ شەرقىدە ھازىرمۇ نوپچاڭ دېگەن بىر يەر بار). بۇ چوڭ نوپ، كىچىك نوپ دېگەن بولىدۇ. بۇلاردىن ئالدىنقىسى چارقىلىقنى، كېيىنكىسى مىرەننى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ ئىسىمنىڭ خەنزۇچىدىكى «纳缚波» شەكلىنى مەزكۇر ئىسىمنىڭ سانسكرىتلاشقان شەكلى Navapa نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. «ناۋاپا» سانسكرىتچە Nava — para دىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسىمۇ «يېڭى سۇ» دېگەن بولىدۇ. بۇ مەنە مەركۇر ئىسىمنىڭ سوغدىچىدىكى سۆز مەنىسىگە ئوخشايدۇ [21].

ھازىر چوڭ لوپنۇر كۆلى بىلەن كىچىك لوپنۇر كۆلى ئارىلىقىدىكى قۇرۇقلۇقتا «يېڭى سۇ» دېگەن بىر يەر بار. بۇ ئۇيغۇرچە ئىسىممۇ سوغدىچە «نەۋئاب»، سانسكرىتچە «ناۋاپا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ يەرنىڭ ئەسلى نامى «يېڭى سۇ» بولۇپ، سوغدى ۋە سانسكرىت تىللىرىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ يەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە « 楼兰 » (لولەن)، ئۇيغۇرچە كروران دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، كېيىن « 鄯善 » (شەنشەن) گە ئۆزگەرگەن.

بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى ئالىملار ھەر خىل كۆرسىتىدۇ. سۇېن ھېدىن لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىن تاپقان بىر كونا شەھەر خارابىسىنى مەزكۇر شەھەر (نوپ) بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. كېيىن ستەيىن بۇ خارابىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە ئۇچرىغان كروراينا دېگەن ئىسىمنى لولەن دېگەن خەنزۇچە ئىسىمغا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ. فرانسىيە ئالىمى چاۋاننىس مىلادى 77 - يىلى بۇ شەھەر (كروران)نىڭ نامى پىشامشانغا ئۆزگەرگەن. دۆلەت نامى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، پايتەختىمۇ باشقا ياققا كۆچۈرۈلگەن بولسا كېرەك، دەيدۇ. شۇڭا سۇېن ھېدىن لوپنۇرنىڭ شىمالىدىن تاپقان كونا شەھەر خارابىسى كروران بولمىسا كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ ㉒. مەملىكىتىمىز ئالىمى تاۋباۋلىيەن ھازىرقى چارقىلىق قەدىمكى كرورانىنىڭ نەق ئۆزىدە، دەيدۇ. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى كروران بىلەن پىشامشان مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كروران بىلەن پىشامشانىنىڭ دائىرىسى بىڭ كەڭ بولغان، ئەمما پايتەختى ئىزچىل تۇردە لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدا بولغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

بۇ مۇلاھىزىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، لوپنۇر كۆلىنىڭ نامىغا ئاساس بولغان «نوپ» سۆزى مەيلى سوغدىچە «نەۋئاب» شەكلىدە بولسۇن ياكى سانسكرىتچە Navapa شەكلىدە بولسۇن ھەممىسى «يېڭى سۇ» دېگەن مەنىدىن كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ.

### ئاگنى (قارا شەھەر)

ئاگنى دېگەن نام سانسكرىتچە Agni — ئوت دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ ئىسىم خەنزۇچە « 阿焉尼 » (ئاجىنى) دەپ يېزىلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇ نام خەنزۇچە مەنبەلەردە « 焉耆 » (يەنجى) دەپ يېزىلىپ كەلگەن، بۇمۇ بۇ شەھەرنىڭ قەدىمكى قارا شەھەر تىلىدىكى ئارگى (Argi) ياكى ئارسى (Arsi) دېگەن شەكلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ㉓. ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادنامىلاردا بۇ شەھەر سولمى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن («تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ شۇنداق)، XV . XIV ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى بۇ يەرگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن بۇ شەھەر نامى «چالىش»قا ئۆزگەرگەن. كېيىنكى زامانلاردا قارا شەھەر دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

قەدىمكى ئاگنى دۆلىتى شەرقتە ئوخشاش تىل ئارقىلىق قوچۇ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربتە بۈگۈر ئارقىلىق قەدىمكى كۇسەن دۆلىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

شۇمن زاگىنىڭ جۇشەندۇرۇشىچە، ئاگنىلىقلارنىڭ يېزىقى ئەنەتكەك يېزىقىدىن كەلگەنىكەن. يېقىنقى يىللاردا تارىم ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىكى ئەڭ زور تېپىلمىلاردىن بىرى ئاگنى ۋە كۇسەن تىلىدىكى (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا بۇ تىل توخرى تىلى دېيىلىدۇ) ھۆججەتلەر ھېسابلىنىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچالاردىن براخما يېزىقىدا (توغرىسى براخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋارىيانتى) يېزىلغان كۆپلىگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. دەسلەپتە بۇ يېزىقلارنى ھېچكىم ئوقۇيالمىدى. نېمىس ئالىمى لېۋمان بۇ ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇ تىلغا «قەشقەر تىلى»دەپ ئات قويدى. كېيىن بۇ تىلنى «بىرىنچى تىل» دەپ ئۆزگەرتتى. كېيىن ف. ۋ. ك. ميۇللېر (F. W. K. Muller) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نامەلۇم بىر تىل» دېگەن ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىر بۇددا نومى خاتىمىسىدىكى «بۇ كىتاب ئەسلى ئەنەتكەك تىلىدا يېزىلغان، كېيىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئەمدى توخرى تىلىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى» دېگەن سۆزلەرگە ئاساسەن بۇ تىلنى «توخرى تىلى» دەپ ئاتىدى.

نېمىس ئالىملىرىدىن ئې. سەيگ ۋە ۋ. سەيگلىڭ (W. Sigling) لەر بۇ ھۆججەتلەر تىلىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ بۇ تىل ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ كانتۇم (Kantum) گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە «ئا»، «ب» دىئالېكت دەپ ئىككى دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1913 - يىلى فرانسۇز ئالىمى س. لېۋى (S. Levi) توخرى تىلىنىڭ «ب» دىئالېكتى VI ئەسىردە كۇسەنلىكلەر

كىلىپ ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىل، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىن يۇنان ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان بىر خىل ئىران تىلىنى ھەقىقىي توخار تىلى دەپ، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇلاردا ئىشلىتىلگەن تىلنى ئاگنى تىلى ۋە كۇسەن تىلى دەپ ئاتاش كېرەك، دېدى.

قەدىمكى توخرى تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئەڭ مۇھىملىرى «مائىترى سىمىت» ، «نالندا كارىتا ناتاكا» (بۇددانىڭ شاگىرتى ناندانىڭ ھاياتى ھەققىدىكى سەھنە ئەسىرى)ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە مۇھەببەت شېئىرلىرى، «رەسسام بىلەن ياغاچچىنىڭ ھېكايىسى» گە ئوخشاش خەلق چۆچەكلىرى، تىبابەتكە دائىر ئەسەرلەر، سانسكرىتچە ـ توخرىچە، توخرىچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر، ئىبادەتخانا كالىندارلىرى، ھۆكۈمەت خەت ـ ئالاقىلىرى، تىل رەسىم بېغىشلىمىلىرى بار.

بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن توخرى تىلىدا يېزىلغان بىر قەدەر چوڭ ئەسەر«دارماپادا» (Darmapada) ، «150 كۇبلېتلىق مەدھىيە» لەرنى ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن.

قەدىمكى كۇسەن، قاراشەھەر، قوچۇ تىللىرىدا (توخرى تىلىدا) ئەسەر يازغان يازغۇچىلاردىن كۇچالىق كۇماراجىۋا، قاراشەھەرلىك ئارىياچاندارا، قوچۇلۇق كۇمارا بۇددى (Kumarabuddhi) ، كۇچالىق ماكشاگۇپتا (Maksa gupta) ۋە ئۇتپايىسراۋنە (Utpait sirauwne) دېگەن پادىشاھنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ فامىلىسى «ئەجدەرھا» ئىدى.

**كۇسەن (كۇچا)**

«شۇەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»(ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 28 ـ بەت، 9 ـ قۇر) دا «كۇسەن» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ نام « 龟兹 »(چيۈزى)، « 丘兹 » (چيۈزى)، « 屈支 » (چۈجى) شەكىللىرىدە يېزىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ شەھەرنىڭ كۇسەن تىلىدىكى كۇتسى (Kutsi) دېگەن شەكلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. X I ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بۇ كۇسەن دېيىلىدۇ. بۇ دەۋرگە ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ بۇ شەھەر « 曲先 » (چۈشيەن) ياكى « 苦先 » (كۇشيەن) دەپ يېزىلىپ كەلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ شەھەرنىڭ كۇچا ۋە كۇسەن دەپ ئىككى خىل نامى كۆرسىتىلگەن.

بۇ ئىسىمنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە كەلسەك، قەدىمكى كۇسەن مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە خەنزۇچە مەنبەلەردە « 白 » (ئاق) فامىلىلىك دەپ يېزىلىپ كەلگەن. كۇچانىڭ ئىسمى بولغان «كۇتسى»مۇ قەدىمكى كۇسەن تىلىدا «ئاق» ، «يورۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەنگلىيىلىك ئالىم ھ. ۋ. بەيلىنىڭ پىكرىچە ھۆكۈمدارلارنىڭ فامىلىسى ئەنە شۇ يەر نامىدىن كەلگەن. بۇ ئىسىمنىڭ كۇسەن» ياكى «كۇشيەن» دېگەن شەكلى Kutsi نىڭ سۈپەت شەكلى بولغان Kucanne (كۇچەننە)دىن كەلگەن. «كۇچا» دېگەن شەكلىدىمۇ ئەنە شۇ كۇچەننەنىڭ سۈپەتلىك ئالامىتى بولغان ئاخىرقى nne (نە)نىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان.

دېمەك، «كۇسەن» ياكى «كۇچا» دېگەن ئىسىملارنىڭ ھەممىسى «ئاق» دېگەن مەنىدىكى «كۇتسى» دېگەن قەدىمكى كۇسەنچە سۆزنىڭ سۈپەت شەكلى بولغان كۇچەننەدىن كەلگەن. «كۇچا» دېگەن نام «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ر» قوشۇلماي يېزىلغان. ۋەھالەنكى، خەلقىمىز ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بۇ ئىسىمنى بىر «ر» قوشۇپ «كۇچار» شەكلىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۇ «ر» نىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى ھەققىدە بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: بۇ شەھەر Kucatri دېيىلگەن. بۇ يەردە قوشۇلغان «ri» توخرى تىلىدا «شەھەر» دېگەن بولىدۇ. «كۇچا» دېگەن ئىسىمغا «رى» قوشۇلسا «كۇچا شەھىرى» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرچىدا بۇ «ri» نىڭ ئاخىرىسىدىكى «i» چۈشۈپ قېلىپ، يالغۇز قالغان «r» ھەرپى «شەھەر» دېگەن مەنىسىنى يوقىتىپ كۇچا ئىسمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

**بالۇكا (ئاقسۇ)**

شۇەن زاڭنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە كۇچادىن كېيىن بالۇكا(خەنزۇچە بولۇجيا « 跋禄迦 ») دېگەن شەھەر تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ شەھەر نامى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە « 姑墨 » (گۇمو) ، « 丞墨 » (جىمو) دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە « 拨换 » (بوخۇەن) دېيىلگەن. مۇسۇلمان ئاپتورلار بۇ شەھەر نامىنى باقۇان، باراۋان، بارمان شەكىللىرىدە يېزىپ كەلگەن.

بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھەققىدە بىر قانچە خىل كۆز قاراش بار:

1. ئاقسۇ كونا شەھەر؛ 2. قارابلاق؛ 3. ياقا ئېرىق؛ 4. قارا يۇلغۇن؛ 5. باي دېگەندەك.

بۇ شەھەرنىڭ كۆچاغىچە بولغان ئارىلىقى ۋە بۇ مەملىكەت دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن قارىغاندا بۇ شەھەر ئاقسۇ بولۇشى كېرەك دېگەن پىكىر بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

بالۇكا ياكى ۋالوكا دېگەن ئىسىم سانسكرىتچە بولۇپ، مەنىسى «قوۋم» دېگەن بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ شەھەر «قوۋم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئاقسۇدىكى قۇمباشمۇ بۇنىڭ بىر دەلىلى. «قوۋم» دېگەن بۇ تۈركىي سۆزنىڭ مەنىسى سانسكرىتچىدىكى قوۋم دېگەن مەنىدىكى «بالۇكا» نىڭ مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىمۇ بۇ شەھەرنىڭ ئاقسۇ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھازىر ئاقسۇ كونا شەھەرنىڭ « 温宿 » (ۋېنسۇ) دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بۇ ھەقتىمۇ بىر قانچە خىل كۆز قاراش بار: بەزىلەر بۇنى «ئونسۇ» (ئون سۇ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېسە، بەزىلەر ئاقسۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بولغان «ئۇرۇڭ سۇ» دىن كەلگەن دەيدۇ (ئۇرۇڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاق دېگەنلىك بولىدۇ. خوتەندىكى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىسمىدىمۇ «يورۇڭ» سۆزى ئاق دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن) ، كېيىنكى پىكىر بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

---

ئىزاھلار:

① سۈن ھېدىن: «جەنۇبىي تىبەت» 8 ـ توم، 448 ـ بەت.

⑦② يۇللىئوت: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى، گە شەرھى» نىڭ «قەشقەر» دېگەن ماددىسى ۋە شۇ كىتابنىڭ 1 ـ توم، 420 ـ بېتىگە قاراڭ.

③بۇ ئەسەرنى ستېن كونوۋ 1947 ـ يىلى تەرجىمە قىلىپ شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلىنىڭ 20 ـ توم، 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان.

④ ل. يۇ. تۇگۇشېۋا: «شۈەن زاڭ تەرجىمىھالىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى» 379 ـ بەت، 1991 ـ يىل موسكۋا «پەن» نەشرىياتى.

⑤ گ. كلاۋسون: «تونيۇقۇق ئابىدىسىدىكى بىر قانچە سۆز ھەققىدە شەرھى» ، «تۈركولوگىيە» ژۇرنىلى، بۇدا پېشت 1971 ـ يىللىق سانى، 127 ـ ، 128 ـ بەتلەر.

⑥ بۇ رىۋايەت تۈبۈت تىلىدىكى يادىكارلىقلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە تۈبۈتچە «خوتەن تارىخى» نىڭ 3 ـ بابىغا قاراڭ. ف. ۋ. توملىس: «شىنجاڭغا ئائىت تۈبۈتچە يازمىلار ۋە خەت ـ چەكلەر» دېگەن ئەسىرى ۋە ۋ. ئېممېرىك: «خوتەنگە دائىر تۈبۈتچە ھۆججەتلەر» ، 1967 ـ يىل نەشرى.

⑧ «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمھالى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى V باب، 64 ـ بەت، 7 ـ ، 13 ـ قۇرلار.

⑨ ستېن كونوۋ: «خوتەن تىلى ھەققىدە تەتقىقات»

⑩ ھ. ۋ. بەيلى: (H. W. Bailey) «ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» 1972 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑪ خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ھەققىدە ئا. گۇيدې (A. Guide) نىڭ «خوتەن تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىگە، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر ھەققىدە ج. درېدېن (J. Dresden) نىڭ «خوتەندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار كاتالوگى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

⑫ ئا. ستەيىن: «قەدىمكى خوتەن» 117 ـ بەت.

⑬ خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» 55 ـ بەت.

⑭ ف. ۋ. توملىس: «شىنجاڭغا ئائىت تۈبۈتچە يازمىلار ۋە خەت ـ چەكلەر» 1 ـ جىلد، 24 ـ بەت، 2 ـ جىلد، 309 ـ بەت.

⑮ گ. فېرراند: «ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە ساياھەت خاتىرىلىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ئەسلىمىلەر» 1 ـ جىلد، 217 ـ بەت.

⑯ تۈبۈتچە ھۆججەتلەردە بۇ ئىلاھ ئىسمى «سىرى ماخادېۋى» (Siri Mahadevi مەنىسى ئۇلۇغ ئايال تەڭرى) دېيىلىدۇ. ت. ۋاتېرس: «يۈەن چاڭنىڭ ھىندىستانغا قىلغان ساياھىتى» 2 ـ جىلد، 1961 ـ يىلى دېھلى نەشرى.

⑰ بەيىياۋ كۇجى: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 1 ـ قىسىم، 259 ـ بەت، 1941 ـ يىلى يەنبو كىتابخانىسى. بۇ شەھەر نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە «جۈمى» ( 拘弥 ) ياكى «دادې» ( 达德 ) دەپ يېزىلغان. بەيلى بۇ شەھەر بەلكىم كەن شەھىرى ( 坎城 ) بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.

⑱⑲ ئا. ستەيىن: «قەدىمكى خوتەن» 1907 ـ يىل 3 ـ جىلد، ئوكسفورد نەشرى.

⑳ گرىنارد: «ئاسىيا ئېگىزلىكىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى» .

㉑ جى شيەنلىن: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى، گە شەرھى» ، 1985 ـ يىل جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى. س. بەيلى (S. Beal) بۇ ئىسىمنى پىگى شەھەر دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. «بۇددىستلارنىڭ غەرب ئەللىرىگە ساياھىتى» 1884 ـ يىل لوندون نەشرى.

«شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا ( V باب، 84 ـ بەت) «ئارا ئۇرەك بالىق» دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. خەنزۇچىدە بۇ نام «خېلولوجيالېڭ» ( 曷劳落落迦城 ) دېيىلگەن. قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە شەھەر rourata (روراتا) دېيىلگەن. بۇنىڭ سانسكرىتچە شەكلى rouraka (روراكا) بولۇپ، بۇ Krova (كروۋا) ياكى Kroraina (كرورايىنا) دېگەن ئىسمىنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى ۋارىيانتلىرىدۇر.

㉒توملىس ۋە كونوۋ «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت ئىككى پارچە ھۆججەت» 147 ـ بەت، 6 ـ ئىزاھ.

㉓ ۋ. ب. ھېننىڭ (W. B. Henning) «ئارگى ۋە توخرى تىلى» 564 ـ ، 671 ـ بەتلەر.

# «غەربىي يۇرتنىڭ تۈركىي خەلقلەر تارىخى»دىن پارچە

س. گ. كلياشتورنىي (روسىيە)

## 1. تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى تىللارنىڭ تۈركلىشىشى

ھۇنلار مەركىزىي ئاسىيادىكى توخرىلار ۋە باشقا ساك قەبىلىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈپ، چوڭ بىر «ئىمپېرىيە» تەشكىللىگەنىدى. مانا شۇ ھۇنلارنىڭ ئەسلى تىلى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. ئەمما ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە ئىپتىدائىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى①. قەدىمكى تۈرك ۋە موڭغۇل قەبىلىرىنىڭ غەرب تەرەپكە سىلجىپ كىرىشى بەك بالدۇر باشلانغان. ئىنسانشۇناسلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى X ئەسىردىكى ئارال دېڭىزى بويىدىكى ئىران تىلدا سۆزلەشكۈچى ساك قەبىلىلىرى ئىچىدە موڭغۇل ئىرقىغا خاس بەلگىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. دەل مۇشۇ «ئالتاي» قەبىلىلىرى فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش جەھەتتە موڭغۇل ئىرقىغا خاس قەبىلىلەر ئىدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا «ئالتاي» قەبىلىلىرى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ قەبىلىلەر ئىدى. شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمال تەرەپلىرىدىكى ئوتلاقلار ئىران، ئۇگور (ئورال بويىدىكى قەبىلىلەر) ۋە «ئالتاي» قەبىلىرىنىڭ تىللىرى ۋە مەدەنىيىتى دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئورۇن ئىدى. لېكىن مىلادىنىڭ باشلىرىدا ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ غەرب تەرەپكە كۆچۈشى تۈپەيلىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتلاق بەلباغلىرىدا چوڭ تۈركىي تىل ئومۇمىيلىقى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

مىلادى IV - V ئەسىرلەردە ۋولگا بويى ۋە غەربىي قازاقىستاندا «ئۇگور» قەبىلىلىرى دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەر توپلىنىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭراقى بۇلغار قەبىلىلىرى ئىدى. بۇلغارلار ئەڭ ئىپتىدائىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر ئىدى. يازما يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالغان بۇلغار تىلىنىڭ ئايرىم سۆزلىرى ۋە گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى ۋولگا ۋە دوناي بۇلغارلىرىنىڭ تىللىرىنى (دوناي بۇلغارلىرى سلاۋيانلىشىپ كەتكەنگە قەدەر) ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. ئارال دېڭىزى ۋە ۋولگا بويىدىكى بۇلغارلارنىڭ تىللىرى بۈگۈنكى چۇۋاش تىلىنىڭ قەدىمكىسى ئىكەن. بۇ تىلنىڭ ئامىللىرى بۈگۈنكى ۋولگا بويىدىكى تاتارلار، گاگائۇزلار، قۇمۇقلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىلىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

I - V ئەسىرلەر ئارىلىقىدا شەرقىي قازاقىستان ۋە جۇڭغارىيىدە ھۇنلار تەشكىللىگەن خېلىلا چوڭ بىر دۆلەت بار ئىدى. چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى مەزكۇر دۆلەتنى «يۈبەن 悦般» دەپ ئاتايدۇ. بۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ تىلى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان گاۋجۇ (قاڭقىل) قەبىلىسىنىڭ تىلىغا يېقىن بولغاچقا ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

غەربىي يۇرتقا قوشنا يايلاقلاردىكى تىللار IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەنى تۈرك خانلىقى تەشكىللىنىپ تۈركىي قەبىلىلەر مۇشۇ يەرلەرگە كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن جىددىي ئۆزگىرىشكە باشلىدى. VI - VII ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي ۋە ۋولگا دەرياسى بويىدا قەدىمكى تۈركىي تىلنىڭ بىر نەچچە گۇرۇپپىسى شەكىللەندى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر: 1) بۇلغار ـ خازار تىل گۇرۇپپىسى. 2) غەربىي تۈرك (ئوغۇز) تىل گۇرۇپپىسى. 3) قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىدۇر.

ئەلۋەتتە، مۇشۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئېتنىك گۇرۇپپىلار بەك ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ گۇرۇپپىلارغا كىرگەن قەبىلىلەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا بۇ تىللار ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ باشقا قەبىلە دىئالېكتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق ئارىلىشىشلار نەتىجىسىدە غەربىي تۈرك ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئىچىدە «ي» تاۋۇشىنى «ج» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىپ سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى②.

مىلادى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئىككىنچى يېرىمى ـ ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى تاغ ۋە ئوتلاقلاردا ياشىغۇچى ئاھالىلەرنىڭ تۈركلىشىش دەۋرى بولدى. غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن تېررىتورىيىدە قەدىمكى تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتلىرىنىڭ تارقىلىشىغا شەرقتىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشى ۋە مۇشۇ يەرلەردە ياشىغۇچى ھىندى - ياۋروپا تىلىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشى سەۋەب بولدى.

## 2. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر خانلىقى

مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى - ئۇيغۇرلاردۇر. ئادەتتە ئۇيغۇرلار كېيىنكى ھۇنلار تەشكىللىگەن ھاكىمىيەتلەر بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىدۇ. IV - III ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار قاڭقىل قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن. V ئەسىرنىڭ ئاخىرى VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى ئافۇجىلو ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تارىم ئويمانلىقىدا روورانلار بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىپ ئۇتۇقلۇق كۈرەشلەر ئېلىپ باردۇ.

V ئەسىردىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە يەنە بىر يېڭى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تېلې (تىگرىك) لارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇشۇ تېلې قەبىلىسى ئىتتىپاقى تەركىبىگىمۇ كىرىدۇ. تېلې قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە، غەربىي - جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي كاۋكاز ئوتلاقلىرىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئاساسىي قىسمى يەنىلا مەركىزىي ئاسىيادا قالىدۇ. تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن تېلې قەبىلىلىرى تۈرك خانلىقى تەركىبىگە كىرىدۇ. 600 - يىلدىن تاكى 630 - يىلى تۈرك خانلىقى ھالاك بولغانغا قەدەر تېلېلار تۈرك خانلىقىغا قارشى ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

605 يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ خانى چۇرىن تېلېلارنىڭ بىر نەچچە يۈز باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر باشلىقى تېلې قەبىلىلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى شىمالىي موڭغۇلىيىگە كۆچۈرۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇ يەردە تېلېلارنىڭ «توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتالغان ئايرىم بىر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ③.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە توققۇز ئوغۇزلار 630 - يىلدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. VII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن باشلاپ توققۇز ئوغۇزلار ئىتتىپاقىدىكى رەھبەرلىك ئۇزۇل - كېسىل ئۇيغۇرلار قولىغا يەنى ياغلاقار قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى ئون ئۇيغۇرلار قولىغا ئۆتىدۇ.

توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى ئىلتەبىر تۇمىد 647 - يىللار ئەتراپىدا شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى تۇغلا دەرياسى بويىدا ئۆز دۆلىتىنى تەشكىللىمىدۇ. جۇڭگو سالنامىلىرىدا: «تۇمىد شۇنداق قىلىپ ئۆز مەيلىچە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى، ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بېكىتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولدى» دەپ كۆرسىتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى يېڭى تەشكىل قىلىنغان بۇ خانلىقنى ئېتىراپ قىلمىدى. 660 - 663 - يىللار ئارىلىقىدا تاڭ سۇلالىسى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ غەلىبە قازىنالمىدى، ئاخىر بۇ ماجرا تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل بولدى.

VII ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى توققۇز ئوغۇزلار شەرقىي تۈركلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بىر قىسمى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ بىلشقۇرۇشىنى خالىماي ئېچىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا كۆچۈپ كەتتى ھەم گەنجۇ ۋە لىەنجۇلاردىكى تاڭ ھۆكۈمەتىگە تەۋەلىككە ئەللىنىپ قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ گۇرۇپپىسى 843 - يىلدىن كېيىن گەنجۇدا تەشكىل بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قالىدۇ. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى 727 - يىلى تاڭ سۇلالىسى يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىغۋاسى بىلەن موڭغۇلىيىگە قايتىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىرى مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققاندى.

744 - 745 - يىللاردا ئۇيغۇر، باسمىل ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى تار - مار قىلىدۇ. 746 - 747 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇب قىلىپ، باسمىللارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرىدۇ. قارلۇقلارنىڭ كۆپچىلىكى يەتتە سۇ ۋە جۇڭغارىيىگە كۆچۈپ كېتىدۇ. كېيىن (766 - يىللىرى)قارلۇقلار غەربىي تۈركلەر ئىچىدە باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىغا (747 - 759 - يىللار) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى قاغانى بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تەڭرى ئەل تۇتمىش ئالىپ ئىنىگى بىلگە قاغان (757 - 779 - يىللار) تەختكە ئولتۇرىدۇ. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە مەزكۇر قاغان بۆگۈ قاغان دەپ يېزىلىدۇ④.

يۇقىرىقى ئىككى قاغان دەۋرىدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. 755 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ھەربىي قوماندانى ئەن لۇشەن تاڭ ئىمپېراتورى شۈەن زۇڭغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. ئەن لۇشەن تۈرك - سوغدىلارنىڭ بىر مەشھۇر ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنى تاڭ ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق قوشۇن ئىدى. ئەن لۇشەن قوشۇنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قەدەممۇ قەدەم مەغلۇب قىلدى. ئىمپېراتور شۈەن زۇڭ جەنۇب تەرەپكە قېچىپ كەتتى. لوياڭ ۋە چاڭئەندىن ئىبارەت ئىككى پايتەخت قولدىن كەتتى. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇراجىئەت قىلىپ ياردەم سورىدى. ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان ياردەم قولىنى سوزۇپ، ئوغلى ئەل تۇتمىشنىڭ

قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتتى. ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئەن لۇشەن قوشۇنلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل تۇتمىش ئۇيغۇر خانلىقىغا قايتىپ كېتتى ۋە قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا (758 ـ يىلى) قاتناشتى. تاڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىپ ئەل تۇتمىش ئەسكەرلىرىنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن تاڭ سۇلالىسى دائىرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى. 757 ـ يىلى ئەن لۇشەن قەستكە ئۇچراپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەجرىبىلىك قوماندان شى سىمىڭ چىقتى. 761 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ شى سىمىڭنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شى چاۋيى چىقتى. جوڭگونىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى ھەربىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن پۈتۈنلەي خارابلاشتى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپلا تۇردى. ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەرمۇ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كىرگۈزۈش ئىقتىدارىدىن ئايرىلدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە سىرتنىڭ ھەر قانداق ھەربىي ياردىمى مەسىلىنى ھەل قىلىشتا زۆرۈر ئىدى.

تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىككىنچى قېتىم مۇراجىئەت قىلدى. بۇ چاغدا ئەل تۇتمىش بىلگە قاغان (بۆگۈ قاغان) تەختتە ئىدى. ئۇ 14 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ سوقۇش بولۇۋاتقان رايونلارغا يېتىپ كەلدى. 762 ـ يىلى ئىسيان بېسىقتۇرۇلدى. 763 ـ يىلى شى چاۋيى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. «ئەن لۇشەن تەرجىمىھالى» نىڭ ئاپتورى: «ئىككى سوغدىلىق (ئەن لۇشەن، شى چاۋيى) پۈتۈن جوڭگونى ۋەيران قىلدى. قوزغىلاڭ باشلىنىپ سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىدى»⑤ دەپ يازىدۇ.

ئەن لۇشەن، شى چاۋيى قوزغىلىڭى تاڭ سۇلالىسى ھالاكىتىنىڭ باشلىنىشى بولدى. تاڭ ئوردىسى شۇ ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ۋەيرانچىلىقتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ ئەسلىگە كېلەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقى ئىسيانچى ئارمىيىنى يوقىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر قاغانى تاڭ ئوردىسىنىڭ سوۋغا-سالاملىرى ۋە ئۇرۇش غەنىمەتلىرى بىلەن بىللە تۆت نەپەر سوغدىلىق مانى دىنى تارقاتقۇچىنىمۇ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى پايتەختكە بىللە ئېلىپ كەلدى. قاغان مانى دىنىنى لوياڭ شەھىرىدە قوبۇل قىلغان ئىدى. مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىغاندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى. ئۇيغۇر مانىخېيلىرى غەربىي يۇرت ۋادىلىرىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى يارىتىپ ھەمدە ئۆزىنىڭ تۈرك ۋە سوغدى تىللىرىدىكى يېزىق ئەنئەنىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنىنى تارقاتقان ئادەم بۆگۈ قاغان دېگەن يازما خاتىرىلەر بار⑥.

ئۇيغۇرلار 763 ـ يىلدىن باشلاپ تا VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەركىزىي ئاسىيا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەل قىلغۇچ سىياسىي كۈچ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى رىقابەتچىسى پەقەت تىبەتلىكلەرلا ئىدى.

679 ـ يىلدىن كېيىن لەنجۇ ۋە گەنجۇ رايونلىرىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتىكى يىپەك يولى بويىدىكى بوستانلىق شەھەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇ مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلاشتى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلدى. مانا مۇشۇ ئەھۋال كېيىنكى دەۋرلەردە غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە ئاساسلىق تۇغدۇردى. 744 ـ يىلى ئۆتۈكەن تېغىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ئۇيغۇرلار ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىگە كېلىپ ئورناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ يەنە ياغلا قار قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئۇيغۇرلار ئىدى. تۇرپاندىكى تۈرك (توققۇز ئوغۇزلار) لەر 727 ـ يىلى موڭغۇلىيىگە قايتا كۆچۈپ بېرىپ 744 ـ يىلدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان خانلارنىڭ نامىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى ⑦.

### 3. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى

بۆگۈ قاغان ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان يىللاردا(757 ـ 779) شەرقىي تەڭرىتاغدىكى رايونلار ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۇيغۇرلارنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ ياشىشىغا، ۋادىلاردىكى دۆلەتلەر ۋە كۆچمەنلەرنىڭمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىغا يول قويۇلغانىدى. سىياسىي جەھەتتىكى بۇ يېڭى ئۇسۇلنىڭ دەرىجىسىنى پەقەت تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە مانى ۋە بۇددىزم مەزمۇنىدىكى تېكىستلەرلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. قوچۇدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان ياغاچقا يېزىلغان ئىككى تېكىستنىڭ بىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە «بىزنىڭ تەڭرى بۆگۈ تەڭرىقان» يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈ خاقانى يۇرت سوراشقا باشلىغانىنىڭ ئىككىنچى يىلى «قوچو شەھىرىنىڭ بېگى ) » QoQo baliq bagi« ئالىپ ئۆگە دېگەن ئادەم بولغان ئىكەن. ئۇ ئادەم بۆگۈ قاغاننى ئۆزىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ھېسابلىغان. مۇشۇ تېكىست مەزمۇنىغا قارىغاندا بۆگۈ قاغاننىڭ ئىككىنچى يىلى 760 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۆگۈ قاغاننىڭ ئەمەل نامىلىرى تېخىمۇ تولۇق يېزىلغان ئىككىنچى بىر تېكىستتە 767 ـ، 768 ـ يىللاردىمۇ ئالىپ تۇتۇق ئۆگەنىڭ يەنىلا

قوچۇنىڭ بېگى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تۈركىيچە تېكىستتە (301TM نومۇرلۇق) كۆرسىتىلىشىچە، قوچۇنىڭ سىرتىدىكى يەرلەر يەنى يايلاقلارنى «ئەل تۇتمىش ئۇلۇغ بىلگە تەڭرى [قاغان]» يەنى بۆگۈ قاغان ئىدارە قىلغان. بۆگۈ قاغاننىڭ «ئەتىۋارلىق ئوغلى» ئىل ئۆگەسى تۇزلۇك بەگ «قوچۇ شەھىرىنىڭ بېگى» بولغان ئىكەن، ھازىر تويۇقتىكى بىر ئىبادەتخانا تېمىغا يېزىلغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى بېغىشلىما ئېلان قىلىندى. مەزكۇر تېكىستنى يازغۇچى ۋە يازدۇرغۇچىلار ئۆز ھىمايىچىلىرىنى «بىزنىڭ ئىلاھ بۆگۈ تەڭرىقاندۇر»، «قوچۇ بالىق بەگى» تۇزلۇك بەگدۇر دەپ كۆرسەتكەندۇ. مەزكۇر بېغىشلىما 767 ـ 780 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈ قاغانى تەختكە ئولتۇرغان يىلدىن باشلاپ يەنى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، پايتەختنى گەرچە ئۇرخۇن دەرياسى بويىدا بولسىمۇ، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مانى ۋە بۇددا دىنىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھىمايىچىسىگە ئايلانغان. ياغاچتىكى بىر تېكىستقا قارىغاندا، قاغاننىڭ ھاكىمىيىتى «شەرقتە ساجۇ (دۇنخۇاڭ) دىن باشلاپ، غەرب تەرەپتە نۇچ بارسغانغىچە يەتكەن». قارىغاندا بۇ يەردىكى گەپ، بۆگۈ قاغاننىڭ دۇنخۇاڭ، تارىم ئويمانلىقى ۋە يەتتە سۇنىڭ (ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ) بىر قىسمىدىكى مانى، بۇددا دىنىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئۈستىدىكى ھامىيلىقى ئۈستىدە كېتىۋاتسا كېرەك. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 767 ـ يىلدىن كېيىن بۆگۈ قاغاننىڭ ئوغلى قوچۇغا بەگ بولدى.

كېيىنكى ۋەقەلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى بۆگۈ قاغاندىن بۇرۇن، بولۇپمۇ بۆگۈ قاغان تەختكە چىققاندىن باشلاپ كۇچا، قاراشەھەر، بەشبالىق ۋە شۇنىڭدەك شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسىي تۈركىي قەبىلە بىلىملار ۋە قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمىغىمۇ يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئىسپاتلىماقتا. تېرخىن ئابىدىسىدە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (747 ـ 759 ـ يىللاردا) يۇقىرىقى ئىچىدە ياغما قەبىلىسىنىڭمۇ بارلىقى سۆزلىنىدۇ. ياغما قەبىلىسى قارلۇق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك قەبىلە ئىدى.

VIII ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن شەرقىي تەڭرىتاغ بەغرىدىكى ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناچارلىشىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال «كونا تاڭنامە» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:«بەشبالىق ۋە ئەنشى (كۇچا) دىكىلەر ئۇرۇشقا ئەۋەتىلدىغان نەرسىلەرنى ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يوللار بىلەن ئەۋەتەتتى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارغا بويسۇناتتى. ياۋايىلار ئاچكۆز ۋە زالىم ئىدى، تەلەپلىرىنىڭ چېكى يوق ئىدى. بەشبالىق ۋارۋارلاردىن يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇلار زورلۇق بىلەن خەلقنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى تارتىۋالاتتى. خەلقنىڭ قولىدا جان ساقلىغىدەك ھېچ نەرسە قالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا 6000 ئائىلىلىك شاتو بەشبالىق بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارغا ئىتائەت قىلاتتى، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى. خەلق مانا مۇشۇ ئىشلارغا نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى»⑧

شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا تۆۋەندىكىچە ئىدى: قارا بالغاسۇن يادىكارلىقلىرىغا قارىغاندا «[قارا خەلق] ھىلىگەر، قارا نىيەت، يارامسىز دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۆلەشكە تېگىشلىك ئولپانلىرىنى بېتەرلىك دەرىجىدە تۆلىمەيدىغان بولدى». يەنە شۇ چاغلاردا تىبەتلەر لوپنۇر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى، 787 ـ يىلى دۇنخۇاڭنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تىبەتلەر بىلەن يۈزمۇيۈز دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلار پايتەختىدە يۈز بەرگەن مانى دىنىدىكىلەرگە قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەردە كۆپ نارازىلىق پەيدا قىلدى. 779 ـ يىلى بۆگۈ قاغان ئۆز ئوردىسىدا يۈز بەرگەن ئىسياننىڭ قۇربانى بولدى. بۇ ئىسياننى تەسىرى چوڭ ئەمەلدار، قاغاننىڭ شىرىم تۇغقىنى تۇن باغا تارخان باشلامچىلىق قىلىپ قوزغىدى⑨.

تۇن باغا تارخاننى تاڭ ئوردىسىمۇ يۆلەپ كەلدى، ئوردىكى ئۆزگىرىشتە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە بۆگۈ قاغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، يېقىن مەسلىھەتچىلىرى ۋە تۇرغۇنلىغان سوغدىلىقلار، قاغان ئەتراپىدىكى مانى تەلىماتىنى ئۆگەنگۈچى ۋە تەشۋىق قىلغۇچى ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ۋەقە تىنجىلانغاندىن كېيىن مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى «ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» (780 ـ 789 ـ يىللاردا) دەپ ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ خانلىق تەختىگە ياغلاقارلارنىڭ يان تارمىقى چىقتى، يېڭى قاغاننىڭ ۋارىسلىرى كۆلۈگ بىلگە قاغان (789 ـ 790) ۋە قۇتلۇق بىلگە قاغان (790 ـ 795) لار بولدى. بۇلار دادىلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. بۆگۈ قاغاننىڭ تارىم ۋادىسىدا پۇت دەسسەپ تۇرالىشىغا ئاساس بولغان ئىتتىپاق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋەت توختامىنىڭ پرىنسىپلىرى بۇزۇلدى. يېڭى قاغانلار سودا ـ تىجارەتتىن كىرگەن پايدىلارغا قارىغاندا، تەڭرىتاغ باغرىدىكى سوغدى ۋە تۈرك ئاھالىلىرىدىن بىۋاسىتە باج ـ سېلىق

يېغىش يولى بىلەن ئۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى. بۇ شەھەرلەردە مانى دىنىنىڭ ئورنى خېلىلا چوڭ ئىدى. سوغدى ۋە تۈركلەرنىڭ مانى دىنى تەشكىلاتلىرى يەتتە سۇدىن ئىچكى جۇڭگوغىچە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى ئاساسىي باشقۇرغۇچىلار ئىدى. بۇ تىجارەت يولىنىڭ ئوردۇبالىق ئارقىلىق ئۆتىدىغان قىسمى ئالىپ قۇتلۇق تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلغان ئىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى تېزلا ئۆزىنى كۆرسەتتى. «كونا تاڭنامە» دە تۆۋەندىكى مەلۇماتلار بېرىلگەن: «قارلۇقلار ۋە ئاق كىيىملىك تۈركلەر (يەنى مانى دىنىدىكىلەر) ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇبدان ئۆتۈپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا نارازى ئىدى. تىبەتلەر قىممەتلىك سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇلارنى سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قارلۇقلار ۋە مانى دىنىدىكى تۈركلەر تىبەتلەرگە ئەگىشىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن تىبەتلەر قارلۇقلار ۋە ئاق كىيىملىك تۈركلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ ئالدىنقى يىلى (788 - 789 - يىللاردا) بەشبالىققا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى ئىل ئۆگەسى ياردەم بېرىش مەقسىتىدە ئەسكەر باشلاپ كەلدى. لېكىن بىر نەچچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. تىبەتلەر بەشبالىقنى قاتتىق قورشىۋالدى. بەشبالىق ئاھالىسى ئۇيغۇرلاردىن بىزار بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا (790 - يىل) پۈتۈن شەھەر تىبەتلەرگە تەسلىم بولدى. شاتو (دالا تۈركلىرى) قەبىلىلىرىمۇ تەسلىم بولدى»(10)

.

ئۇيغۇرلار ئۆز ئىتتىپاقچىسى بولغان تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن شىمال تەرەپكە چېكىندى. 791 - يىلى ئۇيغۇرلار يېڭىدىن 50 -60 مىڭ ئەسكەر باشلاپ، ۋەزىيەتنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تىبەتلەرنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان قارلۇقلار موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ستۇپا دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپتىكى ئاخىرقى بازا تۇرپان ئويمانلىقىنى تاشلاپ چىقتى.

ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەت، قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدا بولغان قاتتىق ئۇرۇش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ئەمما ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇرلار 791 - يىلى كۈزدە بەشبالىق يېنىدا غەلىبە قازانغانلىقى توغرىسىدا تاڭ ئوردىسىغا مەلۇم قىلدى. ئەمما بۇ ۋەقەنىڭ ئېنىقلىقى توغرىسىدا زىت مەلۇماتلارمۇ بار. 795 - يىلى ئادىز قەبىلىسى ئوردا بالىقتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. قاغان ئالىپ قۇتلۇق (795 - 805 - يىللار) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى قاغانلارنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتتى. 795 - يىلى «يورۇقلۇق دىنى» (مانى دىنى) تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مانى مۇخلىسلىرى خانلىق پايتەختىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرىدىغان ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇردى. قارا بالغا سۇندىن تېپىلغان ئابىدىلەرگە قارىغاندا ئۇيغۇر قاغانى يەنسەي قىرغىزلىرىنى مەغلۇب قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ بەشبالىق ۋە كۇچالاردىكى ھاكىمىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. تىبەت ۋە قارلۇقلار تولۇق تارمار قىلىنغان. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى پەرغانىگىچە يېتىپ بارغان،

ئۇيغۇر خانلىقى 840 - يىلى قاتتىق ئىچكى نىزاھ ۋە قىرغىزلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىشلىرى نەتىجىسىدە ھالاك بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ (توققۇز ئوغۇزلارنىڭ) ئون بەش قەبىلىسى ياغلاقار پانتېكىن رەھبەرلىكىدە ئۆز يەرلىرىنى يەنسەي قىرغىزلىرىغا تاشلاپ بېرىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا يېتىپ كەلدى. شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى چەت رايونلىرى ئىدى (پانتېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن «مەڭلىك» ئۇنۋانىدا يۈرگەن) . «مەڭلىك» قاغان ئالىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش مەقسىتىدە كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. قارىغاندا پانتېكىننىڭ ئومۇمىي رەھبەرلىكى ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولدىن كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك گۇرۇپپىسى بەشبالىققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۆكۈچىن مانا مۇشۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئىدى. بۆكۈچىن 866 - يىلى «تۇرپاننى ئالدى ۋە ئۇ يەردىكى بارلىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى» (11) . بۆكۈچىن تىبەتلەرنى تارمار كەلتۈردى ۋە پۈتۈن شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى تىكلەندى. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى دەسلەپ كۇچادا، كېيىن بەشبالىقتا، ئاخىرىدا قوچۇدا بولدى.

قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىست پارچىلىرىلا تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە(12) .

غەربىي يۇرت ئۇيغۇرىيىسى توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى مەلۇماتلار «ھۇدۇدۇل ئالەم»ۋە گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ (توغۇزغۇزلارنىڭ)شۇ چاغدىكى قوشنىلىرى شەرقتە چىن، جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتە تىبەت، قارلۇقلار، شىمالدا قىرغىز ۋە قىماقلار بولغان ئىكەن. «خاننىڭ يازلىق ئوردىسى» پەنجىكەنت (بەشبالىق) دېيىلگەن، «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە كۆرسىتىلىشىچە، توغۇزغۇز مەملىكىتىنىڭ زېمىنى بىلشقا

تۈركلەر يەرلىرىگە قارىغاندا ھەممىدىن كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن كۆچمەنلەر بولغان. كۆچمەنلەرنىڭ بايلىقى «قوي، كالا، يىلقىلار» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇۋچىلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ خېلى رول ئوينىغان. مەنبەدە ئىككى شەھەر، چوڭ بەش يېزا كۆرسىتىلگەن.

گەردىزىنىڭ كۆرسىتىشىچە، توغۇزغۇزلار خانىنىڭ باش ئوردىسى «ئارق» شەھىرى يەنى قاراشەھەر ئىدى. پەنجىكەنت مەملىكىتىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. بەشبالىق بېگى بىلەن قاغان ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق جەڭلەر نەتىجىسىدە ھاكىمىيەت بېشىغا خانلىقنىڭ بەشبالىق تارمىقى چىققان. ئومۇمەن مەملىكەتنىڭ دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان ئەل ئىكەنلىكى، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى، شەھەر، كەنتلەرنىڭ كۆپلىكى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەمما، توغۇزغۇزلارنىڭ ئۆزلىرى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ «ئاددىي خەلق» دەپ ئاتالغان قىسمى «چېدىرلاردا ياشىغۇچى چارۋىچىلار» دىن ئىبارەت ئىدى. جەرىمانە ئېلىشقا توغرى كېلىپ قالغاندا «بېگى كىگىز بىلەن قاپلانغان چېدىر» ئېلىناتتى. قاغان ئۆزى پاكارراق ياسالغان ۋە جۇڭگو تاۋار دۇردۇنلىرى بىلەن قاپلانغان، كىگىزلەر سېلىنغان سارايدا تۇراتتى. ئەمما قاغاننىڭ كىيىملىرى خەلق ئىشلىتىدىغان يىپەك ۋە پاختا رەختلەردىن تىكىلەتتى، يۇڭ رەخ ۋە كىگىزلەردىن تىكىلمەيتتى، موڭغۇلىيىدىن كەلگەن قەبىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتۈشى ئىلگىرى كېيىن بولغان.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ئون، 20 يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ دىنلىرىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. قاغان، ئەمەلدارلار ۋە قاغان ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان ئادەم مانى دىنىغا ئىشىنەتتى. مەسىلەن: قوچۇ بېگىنىڭ سارىيى ئالدىدا «ھەر كۈنى مانى دىنى ئېتىقادچىلىرىدىن 300 - 400 ئادەم توپلىنىپ، مانى دىنى ئەسەرلىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇيتتى». ئەينى ۋاقىتتا شەھەر ۋە ۋىلايەت دائىرىسىدە خرىستىئان، زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارمۇ بار ئىدى ۋە ئۇلارمۇ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوچۇدا يۈرگۈزۈلۋاتقان ئىدارە قىلىش سىستېمىسى تامامەن ئوخشاش ئىدى. بۇ يەردىكى «ئىدىقۇت» ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، ئالىي سوت ۋە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ھەربىي يۈرۈشلەردە ئىدىقۇت يېنىدا ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇن بولاتتى (13). ئىدىقۇتنىڭ ئوبرازى ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئىدىقۇت خەلققە ئاز كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دائىم ئوبدان تاللانغان، چىرايلىق كىيىنگەن قوغدىغۇچىلار بولاتتى، كىيىملىرى تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن بولۇپ، بېلىدە ئالتۇن كەمەر، بېشىدا ئالتۇندىن ياسالغان مەخسۇس باش كىيىملىرى بولاتتى، خەلق ئىدىقۇت چىققاندا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى ۋە ئىدىقۇت مىنگەن ئات ئالدىدىمۇ تىزلىرىنى پۈكەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنى «توققۇز ۋەزىر» نىڭ كېڭىشى ئىدى. بۇ مەلۇماتلار ئەڭ قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردە سۆزلىنىدۇ. «تاڭ نامە» دە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ «ئالتە تاشقى ۋەزىرى ۋە ئۈچ ئىچكى ۋەزىرى» بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمىنىڭ تېخىمۇ ئېنىقراق تەسۋىرىنى تېرخىن مەڭگۈ تېشىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يادىكارلىققا قارىغاندا قاغان ئەتراپىدا توققۇز «ئۇلۇغ بۇيرۇق» مەنسەپلىرى بولغان. بۇلار «ئىچكى» ۋە «تاشقى» ۋەزىرلەر دەپ بۆلۈنگەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا «باشلىقلىرى» بولغان. بۇيرۇقلار (ۋەزىرلەر) ئەينى ۋاقىتتا قاغان ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانلىرى ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە ھاكىمىيەت مۇشۇ «توققۇز ئۇلۇغ بۇيرۇق» نىڭ بىرسىنىڭ قولىغا تولۇق ئۆتۈپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. 780 - ۋە 795 - يىللاردا مۇشۇ بۇيرۇقلار قاغاننى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىغان ۋە ئۆزلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان. VIII - XI ئەسىرلەردە ياغلاقار خانلىرىنىڭ نوپۇزى بەك كۈچلۈك بولغان. قاغاننىڭ ئورنىنى تارتىۋالغان ئادەم باشقا قەبىلىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن شۇ كونا ھۆكۈمران ئۇرۇقنىڭ سۇلالە نامىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان.

بەزى بىر ئۇيغۇرچە مانى ۋە بۇددا تېكىستلىرىنىڭ پارچىلىرىدىن شۇنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولىدىكى، قوچۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى «قاغان» ياكى «خان» دەپ ئاتاشنى توختىتىپ قويغان (قارىغاندا ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك). ئۇلارنىڭ ئەمەل ناملىرىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرگەندە تۆۋەندىكىچە بولغان: «ئارسلان بىلگە تەڭرى ئىلىگە ئىدىقۇت». «ئارسلان» سۆزى كېيىنچەرەك ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خان جەمەتى نامى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان، دەپ قارىلىدۇ. ياغلاقار دېگەن نام پەقەت گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى نامىدا ئۇچرايدۇ. بۇ نامىمۇ 1000 - يىللار ئەتراپىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پادىشاھلىق ئۇنۋانى قىسقارتىلىپ «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە ئىدىقۇتنىڭ ئوبرازى تولۇق ئىلاھلاشتۇرۇلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، موڭغۇللارغا بېقىنغاندىن كېيىنمۇ قارام

ئەل سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. تۇرپاننىڭ «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىنى قوللانغان ئاخىرقى ھۆكۈمرانى تۇغلۇق تۆمۈر (1347 - 1365- يىللار) دۇر.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 965 - يىلى «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى» ئۆز ھۆكۈمرانىنى «قاغان» دەپ ئاتىغان ئىكەن. شۇ چاغدا سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بىر بۇددا راھىبى بولۇپ، ئوردىغا سوۋغا قاتارىدا بۇددانىڭ بىر چىشىنى تەقدىم قىلغان. مانا بۇ قوچو دۆلىتىدە مانى دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇماتتۇر.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچو دۆلىتىنى ناھايىتى باياشات، تەرەققىي قىلغان بىر ئەل قاتارىدا تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ئىدىقۇت خانلىقىدىكى كەمبەغەللەرمۇ ھەر كۈنى گۆش يەيدىكەن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يىلقى تۇپىنىڭ سانىنى بىلمەيدىكەن، ئىگىلىكتە سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن، مېتال تاۋلاش ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغانىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ زاپاس ھەربىي كۈچلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق. ئەمما ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئات مىنىش، ئوۋ - ئوۋلاش ۋە ئوقيا ئېتىشقا ماھىرلىقى مەلۇم. دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بەكمۇ تەرتىپلىك بولۇپ، دۆلەت نامىدىن يۈرگۈزۈلگەن ئالاقە ۋە دۆلەت نامىغا كەلگەن خەت - چەك، ئالاقىلەر مەخسۇس ياسالغان دۆلەتلىك ئارخىپ بىناسىدا ساقلىنىدىكەن. خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋە خان پايتەختتە بولمىغان چاغلاردا خان نامىدا ئىش باشقۇرغۇچى ئادەم خاننىڭ تاغىسى بولۇپ «بىلش ۋەزىر» (ئاغا ئۆگە) لىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن. ماتېرىياللاردا يەنە بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى، مانى دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى ۋە مانى دىنىنىڭ پەقەت پارس راھىبلىرىغىلا خاس بولۇپ قالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن (14).

ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ۋاڭ يەندې كۆرسەتكەن ئەھۋاللار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. X - XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ تەرەققىيات تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغارىيىدىكى، شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى.

**ئىزاھلار:**

① شۇنىسۇ نەزەردە تۇتۇش كېرەككى، ھۇن ئىمپېرىيىسى تەركىبىگە كىرگەن كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى تىل جەھەتتە ئومۇمىيلىققا ئىگە ئەمەس ئىدى.

② ئەرەب مەنبەلىرىدە غەربىي تۈرك ياغمۇقاغانىنىڭ 627 - يىلى كاۋكاز ئارقىغا قىلغان ھۇجۇمى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇلار ياغمۇنى «جابغۇ» دەپ يازغان. ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدىمۇ VIII - XI ئەسىرلەردىكى يەتتە سۇ (ئالتاي) ۋە توخارىستان (بەدەخشان) قارلۇقلىرى خانى بەزىدە ياغمۇ، بەزىدە «جابغۇ» دەپ ئاتالغان. بۇ قارلۇق ۋە توغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن قەبىلىلەر دىنىلىكىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

③ بۇلار ئورخۇن ئابىدىلىرىدە «توققۇز توغۇز» نامى بىلەن، موسۇلمان مەنبەلىرىدە بولسا «توققۇزغۇز» نامى بىلەن مەشھۇر.

④ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە دائىر ۋەقەلەر رۇنىك يېزىقىدىكى ئىككى ئابىدىدە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى ئابىدىنىڭ بىرى تېرخىن ئابىدىسى، يەنە بىرى موغۇن شىنە ئۇسۇ ئابىدىسى بولۇپ، ھەر ئىككى ئابىدە 760 - يىللاردا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان نامىغا ئورنىتىلغان.

⑤ ر. روتۇس (R. Rotous) «ئەن لۇشەننىڭ تەرجىمىھالى» 1962 - يىل پارىژ نەشرى، 352 - بەت.

⑥ ئورپاندىن تېپىلغان تۈركچە مانى يادىكارلىقىدا بۆگۈ قاغان «ئۇلۇغ قاغان»، «ئۇيغۇرلارنىڭ دانىشمەن قاغانى»، «مانى دىنىنى جۇشەندۇرگۈچى» دېگەن ناملار بىلەن تەرىپلەنگەن.

⑦ قوچۇدىن تېپىلغان تىكىستلارنىڭ بىرىدە «كۈل بىلگە ئىلىگنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ، يۇرت سورىغان كىشى بۆگۈ قاغاندۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن، سېلىنگىدىكى ئابىدىدە خانلىققا ئاتلىق سالغۇچى كىشى «كۈل بىلگە قاغاندۇر» دېيىلگەن. بۇ ئىككى مەلۇماتنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئوخشاش بولۇشى ئاساسىي بولىسا كېرەك. بۆگۈ قاغاننىڭ ئوغلى ئەل ئۆگەسى تۈزلۈك بەگ بوۋىسى ئورناتقان خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي بەلكى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى شەھەرلەر بىلەن ئورناتقان ئالاقىدە مۇناسىۋەتلەرگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان.

⑧ ئا. گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 138 - بەت.

⑨ تېخىن ئابىدىسىدە «ئىچكى بۇيرۇقلارنىڭ باشلىقى ئىنانچۇ بىلگە تارخان» دەپ يېزىلغان (ۋاسىلېۋ: «قوشۇ سايدام ۋە قارا بالغاسۇندىن تېپىلغان ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى خەنزۇچە تېكىستلار» 1897 - يىل پېتىربۇرگ نەشرى، 25 - بەت).

(10)(11) ئا. گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 138 - 139 - بەتلەر.

(12) «توققۇز ئوغۇز دۆلىتى» گە دائىر بايانلار IX - VIII ئەسىرلەرگە ئائىت بولۇپ، بۇ مەلۇماتلار گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرى، ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ۋە پارسلارنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسىرى «ھۇدۇدۇل ئالەم» (982 - يىلى يېزىلغان) نىڭ «توققۇز ئوغۇز ئەللىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى توغرىسىدا بايان» دېگەن بابىدا ئۇچرايدۇ.

(13) تېرخىن مەڭگۈ تېشىدا ئۇلار «تۇرغاق» دەپ ئاتالغان. س. گ. كلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 3 - سان، 82 - 85 - بەتلىرى قاراڭ.

(14) ئا. گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 88 - ، 89 - بەتلەر.

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغۇر سايرانى
تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئورخۇن

# قەدىمكى كروران خانلىقىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت

ئەھمەت سۇلايمان

قەدىمكى كروران خانلىقى — بۈگۈندىن 2000 يىل بۇرۇنقى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، لوپنۇر رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇ تارىختا «غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەت» دەپ ئاتالغان قەدىمكى خانلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ خانلىق ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەرلەردىن «تارىخىي خاتىرىلەر — ھونلار تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە — غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I »دە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئەسەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كروران خانلىقىنىڭ نامى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنپىڭ سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلى يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 77-يىلى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەن. «خەننامە — غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I »دە بۇ خانلىق توغرىسىدا «پىشامشان خانلىقى ئەسلى نامى كروران بولۇپ، بۇ يەردىن ياڭگۇەنگە 1600 چاقىرىم، چاڭئەنگە 6100 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 1570 تۈتۈن، 14100 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 2912 نەپەر، ئۇنىڭ غەربىي شىمالى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 1785 چاقىرىم، قورۇقتاغ بەگلىكىگە 1365 چاقىرىم، يەنە غەربىي شىمالدىن قۇس بەگلىكىگە 1890 چاقىرىم كېلىدۇ. يېرى قۇملۇق ۋە شورلۇق بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى ئاز بولغاچقا، قوشنا ئەللەرنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ، ھەم باشقىلاردىن ئاشلىق ئالىدۇ. خانلىقتىن قاشتېشى چىقىدۇ. يېكەن، قومۇش، يۇلغۇن، توغراق، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر كۆپ ئۆسىدۇ، ئاھالىسى كۆچمەن بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئات، ئېشەك، تۆگە كۆپ بولۇپ، ھەربىي قۇراللارنى ياساش جەھەتتە چاقىلىققا ئوخشايدۇ.[1] دېيىلگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ۋە نۆۋەتتە لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا كروران خانلىقى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن ئۆز ئەتراپىدىكى چەرچەن، ئەندىر، نىيە قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، زېمىن دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. ھەم ئەينى دەۋردە غەربىي دىياردىكى مەشھۇر كۈچلۈك يەتتە خانلىقنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.[2] نەتىجىدە كروران — پىشامشان خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى، مەدەنىيىتى يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئۇنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى، دۆلەت تەشكىلى ئاپپاراتى ۋە ھەربىي كۈچىمۇ زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن ۋە كۈچەيگەن. بىراق، بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي دىيار تارىخىدا روناق تېپىپ ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان كروران خانلىقى مىلادى IV — V ئەسىرلەرگە كەلگەندە يات قەۋملەرنىڭ بېسىپ كىرىشى، دەريا-ئېقىن سۇلىرىنىڭ ئازلاپ، ئېكولوگىيە جەھەتتە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە يىپەك يولى لىنىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان. ئارىدىن 1500 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1901-يىلى شىۋېتسىيىلىك داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى سېۋىن ھېدىن (1865 — 1952) لوپنۇر رايونىغا كېلىپ، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، تۇنجى بولۇپ قەدىمكى كروران خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تېپىپ چىقىپ دۇنياغا ئاشكارىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چەت ئەل ئالىملىرىدىن ستەيىن (1862 — 1943) ۋە ئېلىمىز ئالىملىرىدىن خۇاڭ ۋېنبى (1893 — 1966) قاتارلىق ئارخېئولوگ، ئالىملار لوپنۇر رايونىغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ھەم بىر مەزگىل روناق تېپىپ تۇيۇقسىزلا تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان قەدىمكى كروران خانلىقىنىڭ تارىخى مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىغا دائىر بىرىنچى قول قوليازما ھۆججەتلەرنى ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، قەدىمكى كروران خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مول ماتېرىيال ئاساسىنى يارىتىپ بەردى. نۆۋەتتە چەت ئەل ۋە مەملىكىتىمىزدە قەدىمكى كروران خانلىقىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئەسلى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئېنتايىن قىممەتلىك، پايدىلىق ماتېرىياللار ساقلانماقتا. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى كروران خانلىقىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن مىلادى IV — V ئەسىرگىچە ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىپ ئىشلىتىلگەن كاروشتى يېزىقىدا[3] يېزىلغان تېكىست-ھۆججەتلەر نۆۋەتتە كروران خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئېنتايىن زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە تېپىلغان قەدىمكى كروران خانلىقىغا دائىر كاروشتى يېزىقىدىكى تېكىستلەر ئاساسەن كروران خانلىقىنىڭ

---

[1] «خەننامە» 854-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

[2] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم 106-بەت، 1982-يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

[3] لىۋ ۋېنسۇنىڭ «كاروشتى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تېپىلىشى» ناملىق ماقالىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى»نىڭ 1993-يىللىق 4-سانى، 81-بەت (خەنزۇچە).

ئىسىر-پەرمانلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ دوكلاتلىرى، يەر مۈلۈك، قۇل سېتىش-سېتىۋېلىشقا دائىر توختاملار، شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي خەت-ئالاقىلىرى ۋە قەرز-چەكلەرگە دائىر ھۆججەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ھەق تەلەپ، ئامانلىق ساقلاش، باج-سېلىق، دىنىي-ئېتىقاد، كالىندارچىلىق ۋە قانۇن-تۈزۈم قاتارلىق نىھايىتى كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ.

شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى تېكىستلەرنى دەسلەپ 1902-يىلدىن 1928-يىلغىچە ئەنگلىيە كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئى.ج.راپسون ئەپەندى رەتلەپ ئېلان قىلغانىدى. كېيىن 1940-يىلى ئەنگلىيىلىك كاروشتى يېزىقى تەتقىقاتچىسى بوررو (T. Burrow) ئۇلارنى: «شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقەلەر-نىڭ تەرجىمە توپلىمى» دېگەن تېمىدا ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. مەملىكىتىمىزدە بولسا مەرھۇم ۋاڭ گۇاڭجى ئەپەندى تەرىپىدىن كېيىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

نۆۋەتتە ئېلان قىلىنغان قەدىمكى كىروران خانلىقىغا دائىر كاروشتى يېزىقىدىكى تېكىستلەر ئىچىدە 482-نومۇرلۇق تېكىست قەدىمكى كىروران خانلىقىدا ئورمانچىلىق قانۇنىدىن ئىبارەت بىرخىل ئالاھىدە قانۇننىڭ بار ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆججەت بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتە قەدىمكى كىروران خانلىقىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىن بىر بىرىنچى قول قولیازما ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھۆججەت ئەسلىدە قەدىمكى كىروران خانلىقى پادىشاھىنىڭ ھەق-تەلەپ داۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىش يارلىغى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: «ساكا (舍迦)نىڭ ئەرزىگە ئاساسلانغاندا، مولەينايا ئۇنىڭ مۈلكى يېرى (kilmeyammi)گە ئېرىشكەن. ئەمما sadavidas بىلەن karsenavas مەزكۇر يەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشىغا يول قويماپتۇ، ئۇلار يەنە يەر يۈزىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ، سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ. بىر شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى كېسىپ تاشلىشى قانۇنسىزلىقتۇر. سىلەر يەر خېتى ۋە مۆھۈرلۈك خەتكە ئاساسەن ئەھدىنامە ۋە شاھىدلارنى تەپسىلى سۈرۈشتۈرۈپ-تەكشۈرۈپ، چوقۇم بۇ ئىشنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىڭلار. sadavidas بىلەن karasenavasنىڭ ئۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئۇلارنىڭ ساكاغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. بۇرۇن قانۇندا دەل-دەرەخ ھاياتلا بولىدىكەن، ھەرقانداق شەخسنىڭ دەل-دەرەخلەرنى ۋە ئۇنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، مۇبادا كەسسە، ئۇنىڭغا بىر تۇياق ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر بىرەر شەخس دەل-دەرەخنىڭ شېخىنى (lada) كەسسە، ئۇنىڭغا بىر تۇياق سىيىر جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش قارار قىلىندى...»[1] دېيىلگەن.

مانا بۇ قىسقىغىنىچە، ئەمما ئىنتايىن مەزمۇنلۇق يېزىلغان بىر پارچە ھۆججەت بىزگە بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى كىروران خانلىقىدا ئورمانچىلىق قانۇنىدىن ئىبارەت بىر قانۇننىڭ تۈزۈلۈپ يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، قەدىمكى كىروران خانلىقىنىڭ قانۇن-تۈزۈمىنىڭ خېلىلا مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى، تۈرى ۋە جازا تەدبىرلىرىنىڭمۇ خېلىلا ئېنىق ۋە قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، دەل-دەرەخ ۋە ئورمان ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. ئۇ سۇ بايلىقىنى قوغداش ۋە ئاسراشتا، يەنە سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش، قوغداپ قېلىش، كېلىماتنى تەڭشەش قاتارلىق تەبىئىي مۇھىتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە قوغداشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىي مۇھىتى ناچار، كېلىماتى قۇرغاق رايونغا جايلاشقان قەدىمكى كىروران خانلىقىدا ئورمانچىلىق قانۇنىدىن ئىبارەت بۇ بىر قانۇننىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا تۈزۈلۈپ، يولغا قويۇلغانلىقى، ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇ ۋە تۇپراقنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ھاياتلىقنى ۋە ئۆزلىرىنى، جۈملىدىن مەڭگۈلۈك بوستانلىقلارنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

نۆۋەتتە بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قانۇن-تۈزۈم تارىخى ھەققىدىكى بىلىشىمىزچە بۇ ھۆججەتتە ئەكس ئەتكەن قەدىمكى كىروران خانلىقىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇنى نۆۋەتتە بىزگە مەلۇم بولغان شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئورمانچىلىق قانۇنى بولۇپلا ھېسابلانماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگو بويىچىمۇ ئەڭ بۇرۇن تۈزۈپ يۈرگۈزۈلگەن، رەسمىي ھۆججەت ئاساسى بار ئورمانچىلىق قانۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە بۇ ھۆججەتتىكى مەزمۇنلار يالغۇزلا قەدىمكى كىروران خانلىقىنىڭ ئورمانچىلىق قانۇن-تۈزۈملىرىنى تەتقىق قىلىشتىلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن يەنە قەدىمكى كىروران خانلىقىنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنى، ھەق-تەلەپ دەۋا قانۇنى ۋە مۇھىتنى ئاسراش قانۇنى قاتارلىق قانۇن-تۈزۈملىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

[1] T بوررونىڭ «شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقەلەرنىڭ تەرجىمە توپلىمى» دېگەن ماقالىسىدىكى 482-نومۇرلۇق ھۆججەتكە قاراڭ (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1988-يىلى بېسىلغان «نىيە ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن (خەنزۇچە).

# ئەدەبىيات ھەققىدىكى يېڭى قاراشلارغا بىر نەزەر

ئابلەت ئۆمەر

ئەدەبىيات ئىدىئولوگىيە فورمىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى شەكسىز.

ئېنگېلس: «تەپەككۇر ۋە ئاڭ دېگەن زادى نېمە، ئۇلار قەيەردىن كېلىدۇ، دېگەن سوئال قويۇلسا، بىز ئۇلارنىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ مەسئۇلى ئىكەنلىكى، ئادەمنىڭ ئۆزى بولسا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتىدا ۋە بۇ مۇھىت بىلەن بىللە راۋاجلانغانلىقىنى بىلىمىز؛ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئىنسان مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى، ئېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇنداقلا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ باشقا باغلىنىشى بىلەن زىت كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇيغۇن كېلىدۇ...»[1] دېگەن.

ئاڭ يۈكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن ۋە تەشكىللەنگەن ماددا — ئادەم مېڭىسىنىڭ رولى، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. ئىنسانلار ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشى ئالىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەك بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمگەك ۋە ئەمگەك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تىل — ئىنسان مېڭىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئاڭنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي تۈرتكە. شۇڭا ئاڭمۇ جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى.

ئەدەبىيات ئىنسان ئېڭىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالىغاندا، ھەمىشە «ئاڭ»، «ئاڭ فورمىسى»، «ئاڭ ھالىتى» قاتارلىق ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى»، «مىللىي ئاڭ»، «دىنىي ئاڭ»، «ئەنئەنىۋى ئاڭ»، «پسىخىك ئاڭ»، «ئىستېتىك ئاڭ» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئىشلىتىمىز.

پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەم ئاڭلىق بولغانلىقى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. ھايۋاننىڭ ئاڭسىز بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇيغۇرلاردا:

«كۆڭۈل يورۇقى تاڭ بىلەن، دىل يورۇقى ئاڭ بىلەن» دېگەن ماقال بار.

ئاڭ ئادەمنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەۋقۇلئاددە شەكلى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىياتى جەريانىدا، تىل بىلەن بىللە پەيدا بولغان. ئاڭلىق ئىنكاس قىلىش — ئادەمنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ ئاساسىي شەكلى. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرخىل ئاڭلىق، مەقسەتلىك پائالىيەت بولۇپ، مۇشۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىلگىرى، پائالىيەتنىڭ مەقسىدى ۋە نەتىجىسى بىرخىل نۇقتىئىنەزەر سۈپىتىدە يازغۇچىنىڭ مېڭىسىدە مەۋجۇت بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي مۇقەددىمىسىدە (58_59_بېيتلاردا) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت جەريانى ھەققىدە، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن تېما تاللاش، ئوبراز يارىتىش ۋە شېئىر ھېسسىيات ئېلىش ئۈچۈن تۇرمۇشنى كۆزەتكەنلىكى، كىتابنى قايسى تەرتىپ-نىزامدا ئىپادىلەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇن سەككىز ئاي ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى قەشقەردە تاماملىغانلىقى قەيت قىلىنغان. روشەنكى، ئاپتور تۇرمۇشتىن ئايرىلمىغان، خىيالەن ئىش قىلمىغان، تۇرمۇشنى ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسى ئاساسىدا توغرا تونۇغان ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن. ئادالەت-ھەققانىيەتكە كۆڭ تۇغدى ئېلىكنى، بەخت-سائادەتكە ئايتولدىنى، ئەقىل-پاراسەتكە ئۆگدۈلمىشنى، سەبر-قانائەتكە ئودغۇرمىشنى سىمۋول قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. بۇ دەل ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىنساننىڭ ئاڭ پائالىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى، يەنى مەقسەتلىك ۋە نىشانلىق پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ئادەمنىڭ ئېڭى تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات، ئىرادە، تەپەككۇر قاتارلىق خىلمۇ-خىل ئىقتىدارنىڭ جۇغلانمىسى ھەم مەركىزى نۇقتىسى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىلىش، ھېسسىيات، ئىرادە ھەم تەسەۋۋۇر بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. تۇرمۇشتىكى ئادەملەر ھەم ۋەقەلەر، ھېس-تۇيغۇ ھەم كۆرۈنۈشلەر يازغۇچىنىڭ قەلبىنى غىدىقلاپ، ئۇلارنىڭ نازۇك، مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇنى ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ھەۋىسىنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە، سوبيېكتىپ تونۇش، ھېس قىلىش، نىيەت قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش پائالىيەتلىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ خىلمۇ-خىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىلا

---

① ئېنگېلس: «دىيۇرىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 60-بەت.

بىرخىل ئاڭ پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، ئىجادىيەت مېۋىسى بولغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ ئاڭنىڭ مەھسۇلى، ئاڭنىڭ بەدىئىي كىرىستالى ھېسابلىنىدۇ.

ۋاھالەنكى، ئەدەبىيات ئاڭ پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىياتنىڭ ئاڭ خاراكتېرلىك پائالىيەت ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈش — ئاڭسىز پائالىيەتنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. چۈنكى، ئاڭلىق ئەكس ئەتتۈرۈش گەرچە ئادەمنىڭ رېياللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ ئالىي شەكلى ۋە ئاساسىي شەكلى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بىردىن-بىر شەكلى ھېسابلانمايدۇ. ئادەمنىڭ رېياللىققا بولغان بەزى ئىنكاسلىرىنىڭ ئاڭلىق بولىشى ناتايىن. شۇڭا ئاڭسىز ھالدىكى ئەكس ئەتتۈرۈشنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. تۇيۇقسىز كەلگەن ئىلھام، باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن بېشارەت ۋە ئۆزى يارىتقان ئوبرازدىكى ئۆزى تونۇپ يەتمىگەن مەزمۇن قاتارلىق ئەھۋاللار ئىجادىيەت داۋامىدا ئاڭسىز پائالىيەتنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما، ئاڭسىز پائالىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سېلىشقىمۇ، ئادەتتىن تاشقىرى كۆپتۈرۈۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. غەربنىڭ بەزى مودېرنىزمچى نەزەرىيىچىلىرى «ئاپتوماتىك ئىجاد قىلىش» دېگەننى تەرغىب قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىدىراكسىزلىقنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىدى. ئاۋستىرىيە روھىي كېسەللىكلىرى دوختۇرى، پسىخولوگ، مودېرنىزمنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى سىگموندفرويد (1856 — 1939) «سەنئەت دېمەكلىك — چۈش دېمەكلىك»، ئاڭ، تۇغما ئاڭ ۋە ئاڭسىزلىقنىڭ ئۈچ چوڭ ئامىلى ئىچىدە «ئاڭسىزلىق ئادەمنىڭ پۈتۈن روھىي تۇرمۇشىنى بەلگىلەيدۇ»، سەنئەت ئاڭسىزلىقنىڭ مەھسۇلى، ھەتتا جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئۆچ ئېلىشى دېگەن بىمەنە سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىزنىڭچە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بىرخىل مەقسەتلىك، ئاڭلىق مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ئايرىم ھاللاردا ئاڭسىزلىقتىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. 18-ئەسىردىكى گېرمانىيە پەيلاسوپى فىدرىخ. ۋ.شېللىڭ (1775 — 1854) گۈزەللىك — ئاڭلىق پائالىيەت بىلەن ئاڭسىز پائالىيەتنىڭ بىرلىكى ئىپادىلىگەن چەكسىز شەيئىلەر ھەققىدىكى نۇقتىنەزەردۇر، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «سەنئەت ئەسىرى بىزگە ئاڭلىق پائالىيەت بىلەن ئاڭسىز پائالىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ قاراشنى نىسبىي ھالدا دىئالېكتىكىغا بىرقەدەر ئۇيغۇن دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاڭسىزلىق بىلەن ئاڭلىقلىقنىڭ ھەر ئىككىسى بىرخىل ئاڭ بولۇپ، ئالدىنقىسى يوشۇرۇن ئاڭ، كېيىنكىسى ئاشكارە ئاڭ ھېسابلىنىدۇ. ئاڭسىزلىق ئاڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىرخىل پسىخىك ھالەت سۈپىتىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسانلىقچە سېزىۋېلىنمايدىغان يوشۇرۇن ئاڭدۇر. يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئەدەبىياتنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇنداق بولسا، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئاڭنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئاڭ تۈپ ماھىيىتى ئېتىبارى بىلەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. ئۇ ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىدا پەيدا بولىدۇ، رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ھەم راۋاجلىنىدۇ. ئاڭ ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، ھامان مەۋجۇدىيەتكە قارىتىلىپ، ئوبيېكتنى تونۇيدۇ ۋە ئىگىلەيدۇ ھەم ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا، «ئاڭ ... پەقەتلا تونۇپ يېتىلگەن مەۋجۇدىيەت»②دۇر. ئاڭ مەۋجۇدىيەتنىڭ، ئادەمنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى رېياللىقىنىڭ ئىنكاسى.

ئاڭ تىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇ تىلنى ماددىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى قىلىدۇ. ئاڭ خۇددى تىلغا ئوخشاشلا، كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئېھتىياجىدىن ھاسىل بولغان. شۇڭا، ئاڭ دەسلەپتىلا جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كىشىلەر ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇ داۋاملىق مۇشۇ خىل مەھسۇلات بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. روشەنكى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىقى — ئاڭنىڭ تۈپ ماھىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۇ سىياسىي، پەلسەپە، ئىلىم-پەن، دىن، ئەخلاق قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا بىرخىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە فورمىسى بولۇپ، ئۇنى پەقەت خۇسۇسىي ئاڭغىلا باغلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

بەزى ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياكى ئۆز-ئۆزىنى ئىمىنلەپ، ھېچقانداق تاشقى كۈچكە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل نەرسە، ياكى سەنئەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن تاشقىرى ھېچقانداق مەقسەتنى كۆزلىمەيدىغان ھادىسە دەپ قارىدى. لېكىن ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ئەمەلىيەت

---

① شېللىڭ: «ئىدىئالىزملىق ئەزەلىك نەزەرىيە سىستېمىسى» خەنزۇچە 269-بەت.

② «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم، خەنزۇچە 30-بەت.

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ئىنتايىن كۆپ.

بىرىنچى، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. ئۇ تىلدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئىجادىيەت قورالىنى ۋاسىتە قىلىدۇ. پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ئالاقە قىلىشتەك تىلدىكى ئىجتىمائىي خاراكتېر ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. يازغۇچىلار ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى تېخىمۇ بەدىئىي تۈردە ئىپادىلەش ئۈچۈن تىلنى قايتا-قايتا پىششىقلاپ، ئىجادىي ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى جەمئىيەت تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنسا، جەمئىيەت كىشىلىرى ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ ياكى مىزانغا ئايلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ئادەم ۋە ئادەمنىڭ تۇرمۇشى. ئادەم ئىجتىمائىي بولۇپ، تۇرمۇش ئادەمنىڭ تەبىئىي قىلىقلىرى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئىچكى (پسىخىك) پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى مەيلى تاشقى، مەيلى ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلىسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولىدۇ. پەقەت بەزىلىرىدە بىۋاسىتە، بەزىلىرىدە ۋاقىتلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ خالاس. گەرچە فانتازىيىلىك، رېئاللىقتىن ھالقىغان ئەسەرلەر، ئالايلى، قەدىمكى ئەپسانىلار، رومانتىك رىۋايەتلەر، ئىلمىي فانتازىيىۋى ئەسەرلەر ۋە باشقىلاردا تەسۋىرلەنگىنى رېئالنى بولمىغان ئادەملەر ۋە ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، رېئال ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-ئىستىكى، غايىسى، ئېتىقادى، شۇنداقلا دۇنيا ۋە كىشىلىك توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرمەي تۇرالمايدۇ. بىز بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا يەنىلا ئۇلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئىجتىمائىي ئاساسىنى تېپىپ چىقالايمىز.

ئۈچىنچى، يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى، ئۇ ھامان بەلگىلىك ئىجتىمائىي ھاياتتا، بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ۋە ئىدىيىۋى كۆزقاراشقا ئىگە بولىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان بىلىشىنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن ھالدا ئىپادىلەيدۇ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز (ئۆزى ھېس قىلمىغان) ھالدا مەلۇم گۇرۇھنىڭ ياكى دۇنيا قاراشنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كىتابخانلار بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، سۆھبەتلىشىدۇ. مەسىلەن، XIV — XVI ئەسىر ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى دەۋرىدە بىر تۈركۈم ئىلغار يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېڭى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى بىلەن فېئوداللىق چىركاۋلىرىنى پاش قىلىپ ۋە تەنقىد قىلىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيە بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ داڭلىقلىرىدىن فوكاچىيىپ، دانتې، سېرۋانتېس، شېكسپىر قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

فوكاچىيىپ — (1313 — 1375) ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە يازغۇچىسى. ئۇ يازغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى چىركاۋ ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى «10 كۈنلۈك سۆھبەت» (1348 — 1358-يىللىرى يېزىلغان) بولۇپ، بۇ ئەسەردە ۋابا كېسىلىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىدىكى داچىغا توپلانغان 10 نەپەر ياش ئەر-ئايالنىڭ 10 كۈن جەريانىدا ئېيتىشقان ھېكايىلىرى بايان قىلىنغان. 10 كىشى ھەربىرى كۈنىگە بىردىن 10 كۈندە جەمئىي 100 ھېكايە ئېيتىشقان. شۇڭا بۇ ئەسەر «10 كۈنلۈك سۆھبەت» دەپ ئاتالغان. ھېكايىدە يازغۇچى كاتولىك دىنى راھىبلىرىنىڭ ساختىپەزلىكىنى، چىرىك تۇرمۇشىنى پاش قىلغان.

دانتې — ئالگېرى دانتې (1265 — 1321) ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە شائىرى. ئۇنىڭ «ئىلاھى كومېدىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بار. ئېنگېلس «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى»دە "دانتې ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شائىرى، دانتې فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ۋە ھازىرقى زامان كاپىتالىزم دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ" دەپ كۆرسەتكەن.

دې.سېرۋانتېس — (1547 — 1616) ئىسپانىيىنىڭ ئاتاقلىق ئىنسانپەرۋەر يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «دونكىخوت» ناملىق رومانى يېقىنقى زامان ياۋروپا رېئالىستىك رومانچىلىقىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى ۋاقىتتىكى چىرىك رىتسارلىق غايىسى ۋە تۈزۈمى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلانغان، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ چىرىك ماھىيىتى قاتتىق پاش قىلىنغان.

ۋىليام.شېكسپىر — (1564 — 1616) ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق دراماتۇرگى، ئۇ ئۆزىنىڭ «ھاملېت» قاتارلىق مەشھۇر تراگېدىيىلىرىدە پاك مۇھەببەتنى كۈيلەپ، شەخس ئازادلىقىنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي ئىپتىخارلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى مەدھىيىلەپ، گۇمانىزم ئاساسىدىكى غايىۋى دۆلەت قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مانا بۇ پاكىتلار يازغۇچىلار دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى مەلۇم ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن

زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات ئوقۇغۇچى (كىتابخان)لارنىڭ قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ۋە ئوخشىمىغان كىتابخانلار ئارىسىدا ئۆز رولىنى جارى قىلىدۇ. بۇ ھالدا، ئەدەبىيات يازغۇچىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ دىققىتىگە نائىل بولغان ۋە جەمئىيەت پايدىلىنىدىغان مەنىۋى بايلىققا ئايلىنىدۇ. يۇقىرىقى تۆت تەرەپ ئەدەبىياتنىڭ مۇتلەق يەككە-يېگانە بىرخىل ھادىسە بولماستىن، ئۇنىڭ ئۆزى بىرخىل ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، جەمئىيەت ئورگانىزمى بىلەن كەڭ ئالاقىدا بولىدىغان، روشەن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ پائالىيەتچان ئىنكاسى دېيىلىدۇ؟

ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاددىيغىنە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ئەمەس، ئەكسىچە ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشتىن يازغۇچىغىچە، يازغۇچىدىن ئەدەبىي ئەسەرگىچە، ئەدەبىي ئەسەردىن كىتابخانغىچە بولغان جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىياتنى بىۋاستە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم، ئۇ جەزمەن يازغۇچىنىڭ ئىجاد قىلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساسىي ھالقا ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، يازغۇچى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىشى ئارقىلىقلا ئىستېتىك زوقلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ ك ئاندىن ئۆزد ىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ جەھەتتە ئەزەلدىن خىلمۇ-خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، «قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارشى»، «ئىپادىلەش قارشى»، «پائالىيەتچان ئىنكاس قىلىش قارشى»غا مەركەزلىشىدۇ:

**قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارشى**

بۇ قاراشتىكىلەر سەنئەتنىڭ مەنبەئى تۇرمۇش، سەنئەت تۇرمۇشنى قايتا گەۋدىلەندۈرىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. غەربتە، تەقلىد قىلىشنى مەركەز قىلغان قايتا گەۋدىلەندۈرۈش نەزەرىيىسى ئۇزاق مەزگىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بىرخىل ئەدەبىيات قارشى. كۆپلىگەن سەنئەتكارلار ۋە نەزەرىيىچىلەر سەنئەتنىڭ ماھىيىتى تەبىئەتكە تەقلىد قىلىش ۋە ئۇنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش دەپ قەتئىي ئىشەنگەن. قەدىمكى يۇناننىڭ ماتېرىيالىزمچى پەيلاسوپى ھېرا كلىت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 540 — 480) تۇنجى بولۇپ «سەنئەت تەبىئەتنىڭ تەقلىد قىلىنىشى» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇندىن باشلاپ سەنئەت تەقلىد قىلىشتىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. ئارىستوتېل «تەقلىد»نى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى «تۈپ پرىنسىپ» سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلغان. قەدىمكى يۇناننىڭ يەنە بىر پەيلاسوپى پىلاتون تەقلىد سەنئەتكارلىرىنى قولىغا بىر پارچە ئەينەكنى ئېلىۋېلىپ تۆت ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئاشۇ ئەينەكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئوبراز ياراتقۇچىلار ۋە تەسەۋۋۇر قىلغۇچىلارغا ئوخشاتقان. كېيىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئارىپوت، داۋىنچ، شېكسپىر قاتارلىقلارمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئەينەككە ئوخشىتىپ، رەسىم ۋە تىياتىر رېئال دۇنيانىڭ كۆرۈشكە بولىدىغان تەرەپلىرىنى خۇددى ئەينەكتەك ساداقەتلىك بىلەن قايتا كۆرسىتىش كېرەك دەپ ھېسابلىغان. 19-ئەسىردە ئۆتكەن رېئالىستىك رەسساملىقنىڭ ئاتىسى، فرانسىيىلىك كوربې: «بىر دەۋرنى پەقەت ئۇنىڭ سەنئەتكارىلا قايتا گەۋدىلەندۈرىدۇ، پەقەت شۇ دەۋردە ياشىغان سەنئەتكارلار گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ» دېگەن. رۇسىيىنىڭ دېموكراتىك نەزەرىيىچىسى بېلىنسكى: سەنئەتنىڭ «كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىگى رېئاللىققا، شادلىققا، رېئاللىقنى ئۆزگەرتمەي، خۇددى ئەينەكتەك قايتا گەۋدىلەندۈرۈش...»[①] دېگەن. چېرنىشېۋسكى بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى «تەبىئەتنى ۋە تۇرمۇشنى قايتا گەۋدىلەندۈرىدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتقان.

قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن، ئەدەبىياتنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى بىلەن سوتسىيولوگىيە نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشقا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنكاس قىلىش مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ، ساددا ماتېرىيالىستىك روھ بىلەن رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپىنى نامايەن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قاراش 19-ئەسىرگە كەلگەندە، مېتافىزىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكى ساددا دىئالېكتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى تەدرىجىي يوقىتىپ، نەزەرىيە جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى ئاشكارىلىدى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىسى سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى بىلەن ئىجادچانلىقىغا سەل قاراشتا، سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى مەنبە قىلىشىمۇ، يەنىلا تۇرمۇشتىن ئۈستۈن

① «بېلىنسكى تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 1-توم.

تۇرىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنى ئۆزگەرتىدىغانلىقى ۋە يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشتا كۆرۈندى.

ماكس: «بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ماتېرىيالىزم — جۈملىدىن فېيېرباخ ماتېرىيالىزمى — نىڭ ئاساسى كەمچىلىكى شۇكى، ئۇ شەيئىنى، رىياللىقنى، ھېسسىياتنى ئادەمنىڭ ھېسسىي پائالىيىتى، ئەمەلىيەت دەپ چۈشەنمەستىن، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن چۈشەنمەستىن، ئوبيېكتىپ ياكى بىۋاسىتە كۆزىتىش شەكلىدىنلا چۈشىنىدۇ» دېيدۇ.① ئەدەبىيات-سەنئەت ھېسسىي پائالىيەت ۋە ئەمەلىي پائالىيەت بولغانلىقتىن، ئۇنى ئىنساننىڭ سۇبيېكت نۇقتىسىدىن، ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقى نۇقتىسىدىنمۇ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنى پەقەت رىياللىقنىڭ قايتا ئىشلەنگەن بۇيۇمى ياكى ۋارىيانتى، كۆچۈرۈلمىسى دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەتتە سەنئەتكارنىڭ «تەقلىد قىلغىنى» ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنى، يازغۇچىنىڭ قايتا گەۋدىلەندۈرگىنىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى رىياللىق. سەنئەتكارنىڭ كۆرۈش سېزىمى ۋە پۈتكۈل قەلبى رىياللىقنى قايتا ئەندىزىگە ياكى نۇسقىغا ئالىدىغان مېخانىك ئەسۋاب ئەمەس، فوتو ئاپپارات، سىنئالغۇمۇ ئەمەس. شۇڭا سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلەش، سەنئەتنى تۇرمۇش بىلەن ئوخشاش نەرسە دەپ قارىماسلىق لازىم.

## ئىپادىلەش قارىشى

بۇ قاراشتىكىلەر ئەدەبىيات-سەنئەتنى يازغۇچى-سەنئەتكارنىڭ قەلبىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى دەپ قاراپ، ئىجادىيەت پەقەت سۇبيېكتىپنىڭ ئۆزىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. غەربتە، ئىجادىيەتنى سۇبيېكتىپ نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى شەرھلەشنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. ئەڭ ئاۋۋال، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى پىلاتون ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئىلھامنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارىغانىدى. رىم دەۋرىدىكى بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى ئۆز كۆز قارىشىغا ئاساسەن، سەنئەتنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەسەۋۋۇرغا يىغىنچاقلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەسەۋۋۇر «تەقلىدكە قارىغاندا تېخىمۇ قابىل سەنئەتكار. تەقلىد پەقەتلا كۆز بىلەن كۆرگەن نەرسىلەرنىلا يارىتالايدۇ، تەسەۋۋۇر بولسا، كۆز بىلەن كۆرمىگەن نەرسىلەرنىمۇ تەسۋىرلەپ، كۆز بىلەن كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى رىياللىقنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ». 18-ئەسىردىكى② گېرمانىيە پەيلاسوپى، ئېستېتىكا ئالىمى كانت شېئىرنى «تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ ئەركىن ئويۇنى» دەپ قاراپ، سەنئەت تالانتىنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رومانتىزم ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، تەقلىد قارىشى بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغان ئىپادىلەش قارىشى شەكىللەندى. شائىر ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ بەزىلىرى بولسا، شېئىرنى «ئىچكى ماھىيەت بىلەن ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش شەكلى» دەپ تەبىر بەردى.

شېللى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئومۇمەن، شېئىرنى تەسەۋۋۇرنىڭ ئىپادىلىنىشى» دەپ③ چۈشەندۈرۈش لازىم. بەزىلەر، شېئىر ھېسسىياتنىڭ «تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى» دەپ قاراپ، بارلىق سەنئەت ئەسەرلىرى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى.

ئىپادىلەش قارىشىنى ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىغا ئېلىپ كىرىش 20-ئەسىردىكى ئىش بولۇپ، ئىتالىيىنىڭ ئاتاغلىق ئېستېتىكا ئالىمى — كېروچې سەنئەت — ئىدراكسىز بىۋاسىتە سېزىم، بىۋاسىتە سېزىم، يەنى تەسەۋۋۇر ياكى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر، دەپ قارىغان. كېيىن ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىچىسى كىرىنۋۇد دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ «سەنئەت پرىنسىپلىرى» ناملىق كىتابىدا سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش خاراكتېرىنى قۇۋۋەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ قايتا گەۋدىلەندۈرۈش خاراكتېرىنى ئىنكار قىلغان. ئۇ ئىلگىرىكى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتىنى ئۆلۈك ھالدا قايتا گەۋدىلەندۈرۈش، ئالاھىدىلىكنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ھېسسىياتنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر-بىرلەپ رەت قىلغان. ئۇ سەنئەت ئەسىرى قايتا گەۋدىلەندۈرمەي، ئۆز ئىجادىدا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەندىلا، ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرى بولالايدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. روشەنكى، ئىپادىلەش قارىشى يۇقىرىدىكى نەزەرىيىچىلەرنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇشى نەتىجىدە 20-ئەسىردىكى غەرب ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات تەنقىدىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىپادىلەش قارىشى ئېلىمىز خەنزۇ كلاسسىك

① «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» ئۇيغۇرچە 1-توم 689-بەت.

② «غەرب ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ماقالىلاردىن تاللانمىلار» خەنزۇچە 134-بەت.

③ «ياۋروپا، ئامېرىكا كلاسسىكلىرى رىيالىزم ۋە رومانتىزم توغرىسىدا»، شېللى: «شېئىر ھەققىدە مۇنازىرە» خەنزۇچە 292-بەت.

ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىدە غەربتىكىلەردىن ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە شەرھلەنگەن.

ئىپادىلەش قارشىنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەدەبىيات-سەنئەت ھادىسىلىرى ئاپتور ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلۈپ، ئەنئەنىۋى تەقلىد — قايتا گەۋدىلەندۈرۈش قارشى نەزەرىدىن ساقىت قىلىنغان سۇبيېكتانسىيىنى تولۇقلاپ، سۇبيېكتىپنىڭ ئىجادىيەتتىكى پائالىيەتچانلىقىغا ئېتىۋار بېرىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قانۇنىيىتىنى بەزى ئەقلىغا مۇۋاپىق نۇقتىئىينەزەرلەر بىلەن تولۇقلىدى. ۋاھالەنكى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى غەرب ئەللىرىدە بىلىش كۆتۈرگەن ئىپادىلەش قارشى پەلسەپىۋى جەھەتتىن ئىدىيالىزمنى ئاساس قىلدى. ماركس «فېيېرباخ توغرىسىدا ئىزدىنىش»تا: «ماتېرىيالىزمنىڭ ئەكسىچە، ئىدىيالىزم پائالىيەتچانلىق تەرىپىنى راۋاجلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن پەقەتلا ئابستراكت ھالدا راۋاجلاندۇردى. چۈنكى ئىدىيالىزم ھەقىقىي رېئال، ھېسسىي پائالىيەتنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمەسلىكى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە» دەپ[①] كۆرسەتكىنىدەك، ئىپادىچىلىك نەزەرىيىسى ماددىي دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئىنسان ھېسسىياتىنى ۋە شۇ خىل ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن سەنئەتنى تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، نوقۇل سۇبيېكت دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ھېسسىيات خىلمۇ-خىل فىزىكىۋى، پسىخولوگىيىلىك، مۇھىتلىق، ئەنئەنىلىك ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن سۇبيېكتىپ ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. مەسىلەن: ئىلىيوتنىڭ «دالا» ناملىق ئەسىرىدە ئىپادىلەنگىنى رېئاللىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئابستراكت ھېسسىيات ئەمەس. «دالا» بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دىنىي ئېتىقادىتىن مەھرۇم بولغان ياۋروپاغا سىمۋول قىلىنغان، شائىر ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپانى ئادەمتىكى بىر دالا ئەمەس، بەلكى بىر قاراڭغۇ، دەھشەتلىك زىندان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن.

قوغۇرسۇ ئالتۇن (488 — 567) تەرىپىدىن يېزىلغان «تېلى قوشىقى»:

تېلى ۋادىسى، چوغاي ئېتىكى،
چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۈپ-سۈزۈك چەكسىز تاغ-دالا،
گۈزەل يايلاقتا تولغان قوي-كالا.

دا قەدىمكى تېلىلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ھاياتى، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى، ھېس-تۇيغۇسى، ۋە ئېپتىخارى، مەردانە خىسلىتى ئىپادىلەنگەن.

روشەنكى، مودېرنىزملىق شېئىرلاردا ياكى كلاسسىك شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەن ھېسسىياتنىڭ ھەرقاندىقى ساپ سۇبيېكتىپ ھېسسىيات بولماستىن، رېئال مەۋجۇتلۇقنى ئاساس قىلغان ھېسسىياتتۇر. غەرب ئىپادىلەش قارشىنىڭ ئاجىزلىقى دەل ئۇنىڭ ئىپادىلەش قارشىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق جايلىرىنى، يەنى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۇرمۇشقا بېقىنىش ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى تاشلىۋەتكەنلىكىدە.

## پائالىيەتچان ئىنكاس قارشى

پائالىيەتچان ئىنكاس قارشى يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى — ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتىنىڭ ئوبيېكتلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلايدۇ. خۇددى ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ئەدەبىيات «بەلگىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى». بۇ سۆزدە يالغۇز ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىغانلىقى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلۈپلا قالماستىن، ئىجادىيەتتىكى سۇبيېكتانسىيە — يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىش داۋامىدىكى غايەت زور پائالىيەتچان رولى تەكىتلەنگەن. رېئاللىق يازغۇچىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىغا ئايلانغاندا، ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئىجادىي سۇبيېكتانسىيىنىڭ سىرتىدىكى نوقۇل ئوبيېكت شەيئى بولماستىن، بەلكى ئىجادىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز سۇبيېكتىپنىڭ كۆزىتىشى، قوبۇل قىلىشى، ھېس قىلىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشى ۋە ئۆزگەرتىشىدىن ئۆتۈپ، تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسىدىن ئاڭ شەكلىدىكى نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ، ھەر جەھەتتىن سۇبيېكتىپنىڭ ئىز-تامغىسى بېسىلغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ مۇستەھكەم بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلى. يازغۇچىنىڭ

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 1-توم 16-، 17-بەتلەر.

قەلىمى ئاستىدىكى رىياللىق مۇتلەق تۇرمۇش رىياللىقىنىڭ «ۋارىيانتى» بولماستىن، ئەكسىچە، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى بىلەن ئىستېتىك پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان «ئىككىنچى رىياللىقى» دۇر. ئىلگىرىكى قايتا گەۋدىلەندۈ-رۈش قارىشى يازغۇچىنىڭ رولىنى پەقەتلا تەقلىد قىلىش ۋە ئەينەكتەك ئەكس ئەتتۈرۈشتىنلا ئىبارەت دەپ قاراپ، سەنئەتنى رىياللىق بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى نەرسە دەپ قارىدى. پائالىيەتچان ئىنكاس قارىشى بولسا، تۇرمۇش ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىجادىيەت بىر خىل مۇرەككەپ مەنىۋى پائالىيەت ئىكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا سۇبىستانسىيە ھەم تۇرمۇشتىن كەلگەن ھەم تۇرمۇشنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىستېتىك ئوبيېكت ھاسىل قىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى مەزمۇننىڭ يادروسى تۇرمۇشدىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ ئۆزى بولماستىن، سەنئەتكار سوبيېكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان روھ، سەنئەتكارنىڭ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن قەلبى ۋە ئىچكى ھاياتىدۇر. خۇددى رەسساملىقتا، رەسسام ئۆز قەلبى، سوبيېكتىپ ئېڭى ۋە سوبيېكتىپ ھېسسىياتىنى رەڭ، سىزىق ۋە قەغەز ياكى رەختنى ۋاستە قىلىپ ئوبيېكتىپقا ئويغۇن ھالدا سىزىپ چىقىنىغا (مەسىلەن: «بالدۇر كەلگەندە كۈز» ناملىق رەسىمگە) ئوخشاش، يازغۇچى-شائىر تىلنى ۋاستە قىلىپ، تىل ئارقىلىق ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىدۇ ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

18-ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى گۇمنامنىڭ:

ئۇد، ئەنبەر تۇپرىقىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررى مارجان تاشلەرىدۇر كوھسارى كاشغەر.
يا پەرى، يا ھۆرى، يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

دېگەن مىسرالىرىدا توپىسى ئىپار پۇرايدىغان، سۈيى ئابى كەۋسەر، تاغلىرى ئۈنچە-مارجان ئىكەنلىكى، ئۇ يەرگە كەلگەندە پەرىلەرگىمۇ ھەۋەس قىلماي، ئۆز يۇرت-ماكانىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ھەم كونكرېت ھەم تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى تىلدىن ئىبارەت بۇ ۋاستىچى ئارقىلىق پائالىيەتچانلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، يازغۇچىنىڭ ئاسلىي ئېڭىنى ۋە سوبيېكتىپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بىۋاستە ئىنكاس قارىشى پەقەت سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ پسىخىك ئورگانىغىلا ئېتىبارسىز قاراپلا قالماستىن، سەنئەتنىڭ ۋاستىچىسىغىمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار سەنئەتنى ئوبيېكتىپ رىياللىقنىڭ نوقۇل ھالدىكى قايتا گەۋدىلىنىشى، ئىنكاسى ياكى ئوخشىتىپ ئىشلىنىشى دەپلا قارايدۇ. قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بىرخىل تەرجىمە بولىشى، ئەمما كۆچۈرۈلمە بولماسلىقى، ئايلانما ھاۋا تەڭشىگۈچ بولىشى، ئەمما نۇسقا بولماسلىقى لازىم. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سەنئەت ھامان بەلگىلىك ماددى شەكىل ئارقىلىق قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ئىپادىلىنىشنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، قايتا گەۋدىلەندۈرۈشتە ئىپادىلەش، ئىپادىلەشتە قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بولىدۇ. نوقۇل قايتا گەۋدىلەندۈرۈش بولمىغىنىدەك، نوقۇل ھالدىكى ئىپادىلەشمۇ بولمايدۇ.

پائالىيەتچان ئىنكاس سەنئەتنى قوبۇل قىلىش جەريانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئاپتور يازغان ئەسەر زوقلانغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى بۇ ئەسەردىن ئۆز ئۇسۇلى بويىچە زوقلىنىش، چۈشىنىش ۋە قايتا ئىجاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، كىتابخانلار ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئىنكاسىمۇ بىرخىل پائالىيەتچان ئىنكاس بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن سەنئەت ئىجادىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قىسقىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن يازغۇچىغا، يازغۇچىدىن ئەسەرگە، ئەسەردىن كىتابخانغىچە بولغان جەريان ئەدەبىيات پائالىيىتىنىڭ مۇكەممەل جەريانى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن ئەدەبىياتتىن بەھرىلىنىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ ھالقا بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغانلىقتىن، ئۇنى مۇكەممەل بىر سىستېما سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلغاندىلا، ئەدەبىيات سوبيېكتىپ ئامىل بىلەن ئوبيېكتىپ ئامىلنىڭ بىرلىكى، ئىپادىلەش بىلەن قايتا گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئورگانىك بىرلىكى، ئىجادىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشنىڭ زىچ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

# ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نەسر ئىجادىيىتى ھەققىدە

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

ئۆتكۈر ئەپەندى ئۇيغۇر ھازىرقى-بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان داڭلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1940-يىلى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى رەسمىي باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەخمىنەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئەشۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىياتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. نەسر ئىجادىيىتى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، نەسرلەر ئۆتكۈر ئەپەندى ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندى نەسرلىرى — ھازىرقى زامان نەسرچىلىكىمىزنىڭ نىسبەتەن بالدۇرقى باشلانمىسى ۋە كاتتا مۇۋەپپەقىيىتى بولغانلىقى، نەسرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى، تېمىلىرىنىڭ يېڭى، پىكىر-ئىدىيىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىيات-لىرىكىغا بايلىقى، تىلىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پاساھىتى بىلەن ھازىرقى-بۈگۈنكى زاماندىكى نەسر ئىجادىيىتىمىزنىڭ خېلى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تارىخى ۋە بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى بۇ نەسرلەرنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش — ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا مەلۇم ئەھمىيەتكە ۋە ئاكتىپ مەنىگە ئىگە.

گەرچە نەسر ئىجادىيىتى ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شېرئىيەت ئىجادىيىتىگە ئوخشاش ئىجادىيەتتە ئىزچىللىق شەكىللەندۈرەلمىگەن. شۇڭا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نەسرلىرى سان جەھەتتىن نىسبەتەن ئاز، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان نەسرلىرى «دېڭىزدىن سادا» (1945-يىل)، «بىلىش ئەگىم» (1948-يىل)، «شېئىر ۋە شائىر» (1980-يىل)، «قاشتېشىغا مەدھىيە» (1981-يىل) دىن ئىبارەت تۆت پارچە. يېزىلغان ۋاقتى جەھەتتىن قارىغاندا، ئالدىنقى ئىككى نەسر ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھازىرقى زامان ئىجادىيەت باسقۇچىغا، كېيىنكى ئىككى نەسر بۈگۈنكى زامان ئىجادىيەت باسقۇچىغا تەۋە. ھېسابتا بۇ نەسرلەر ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن ئىككى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى.

ئۆتكۈر ئەپەندى نەسرلىرى ئۆزىگە خاس مۇۋەپپەقىيەت ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يۇقىرىدا ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ نەسرلەردە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۆتكۈر ئەپەندى نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىپ، نەسرنىڭ لىرىكىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، نەسردە مەلۇم ئىدىيە-پىكىرنى ئىپادىلەشكىمۇ سەل قارىمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نەسرلەردە ناھايىتى كۈچلۈك دەۋر روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تىل ئىشلىتىش، بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش جەھەتلەردىكى ئالاھىدە ماھارىتىمۇ مۇشۇ نەسرلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. بۇ تەرەپلەرنى ئۇنىڭ نەسرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ چىقساق تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

«دېڭىزدىن سادا» ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تۇنجى نەسرى بولۇشىغا قارىماي، ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى شېئىرلىرىغا ئوخشاش، بۇ نەسرىمۇ زامانىنىڭ زۇلمىدىن دادلىنىش مەزمۇنى بىلەن، كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بىلەن، ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. بۇ — بىر پارچە لىرىك نەسر بولۇپ، ئۇنىڭدا «قاراڭغۇ كېچە»، «دولقۇنلۇق دېڭىز»، «خىيالچان شائىر»، «قارا بۇلۇت»، «بوران» قاتارلىق بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلغان. بۇ ئوبرازلار بىر تەرەپتىن يازغۇچىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ناھايىتى چوڭقۇر مەنا ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئەسەردىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى سىمۋوللۇق ئوبرازلار بولۇپ، «قاراڭغۇ كېچە» —زۇلمەتلىك رىياللىققا، كونا جەمئىيەتكە؛ «دولقۇنلۇق دېڭىز» — كەڭ خەلق ئاممىسىغا؛ «خىيالچان شائىر» — ئازادلىق تېگىنى، خەلق بەختىنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرگە؛ «قارا بۇلۇت» — زۇلۇم-زوراۋانلىقلارغا؛ «بوران» ئىنقىلابقا سىمۋول قىلىنغان. يازغۇچىنىڭ بۇنداق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشى، ئەسەر ئىدىيىسىنى شۇ ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىشى، بەدىئىي ماھارەتلەرنى شۇ ئوبرازلارنى ياراتقاندا گەۋدىلەندۈرۈشى ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. نەسرنىڭ سيۇژېتى خىيالچان شائىرنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزغا مۇراجىتى، دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ شائىرغا قايتۇرغان جاۋابى

بىلەن دراماتىك شەكىلدە قانات يايدۇرۇلغان. بۇنداق دراماتىك شەكىل ئەسەردىكى مەزمۇننى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىمۇ روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان. بۇنداق دراماتىك شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇن-ئىدىيە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىمۇ ئاشۇرغان.

خىيالچان شائىرنىڭ دېڭىزغا قىلغان مۇراجىتىنىڭ ۋەزنى ھەقىقەتەن ئېغىر، جەڭگىۋارلىقى شۇقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئەسەردە روشەن كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ:

«... نىچۈن ئۇزاق چاغلاردىن بېرى بىزگە كۈن نۇرى تەگمەس؟ نىچۈن ئاسمىنىمىز ھامان تۇمانلىق، ھامان تۇتۇق؟... بىز ھەمىشە نۇرغا تەشنامىز! ... ئاھ، قېنى ئۇ بەخت قۇيلىشى، قېنى ئۇ نۇر؟ قېنى ئۇ گۈزەل باھار؟ ... يوق، بىز ھەممىدىن مەھرۇم!»

يازغۇچى خىيالچان شائىرنىڭ ئاشۇ لىرىك ھېسسىياتى-خىتابى ئارقىلىق خەلقنىڭ مۇدھىش زاماندىن، زۇلۇم-زورلۇقتىن جاق تويۇپ، ئازاد كۈنلەرگە، تاڭ نۇرىغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن. يازغۇچى ئەسەردىكى ئىدىيىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ مۇنداق يازغان:

«قاچان بىزگە تاڭ ئاتار؟

يادىڭدىدۇر بەلكىم، بىزگە بىر ئەمەس، قانچە-قانچە قېتىملار قاتتىق بوران سوقۇپ ئۆتتى. بۇ بورانلار بىلەن گويا پۈتۈن جاھان تىترەپ كەتكەن ئىدىغۇ؟... بۇ بورانلار سوقماقتا تېخى، بەلكى يەنىمۇ سوقار...

ئەجەبا! شۇنچە بورانلار بۇ قارا بۇلۇتلارنى نېمىشقا سۈپۈرۈپ تاشلىيالماس، نېمىشقا بۇ قارا تۈن پەردىسىنى يىرتىۋېتەلمەس، نېمىشقا؟»

كىتابخانلارمۇ ھېس قىلالايدۇكى، يازغۇچى بۇ لىرىكىلار ئارقىلىق يالغۇز خىيالچان شائىرنىڭ ئىزتىراپىنى، قەلبىگە ئارام بەرمەيۋاتقان تۈگىمەس سوئاللىرىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، مەنىۋى مەسىلىلىرىنىمۇ مۇھاكىمىگە قويىدۇ. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى سوئالى شۇ دەۋردە ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى:

«ئېيتقىنا، بىزگە تاڭ ئاتامدۇ-يوق؟ بۇ تاڭ قاچان ئاتىدۇ؟ قاچان؟ ئۇ تاڭ قايسى تەرەپتىن يورۇپ، قايسى تەرەپتىن بەخت تۇغار؟»

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ سوئاللارغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ، تېخىمۇ توغرىسى ھەقىقىي خەلقپەرۋەر يازغۇچىغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىقى، يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە ئۈمىدۋارلىقى بىلەن خەلققە يېڭى بىر تاڭنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا كۈرەش قىلىش، ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى، يېڭى تاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا ئېتىپ، خەلققە بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ:

«دولقۇنلۇق دېڭىزدىن جۇشقۇن بىر سادا كەلدى:

— توختا، ئەنە، تاڭ ئاتماقتا ئاز قالدى. تاڭ كۈن چىقىشتىن ئاتىدۇ. ئەمما يەنە كۆپ چېلىش بورانلىرى سوقسۇن!»

دېمەك، چوقۇم تاڭ ئاتىدۇ، بۇ تاڭغا خەلق پەقەت جەڭگىۋار كۈرەشلىرى ئارقىلىلا ئېرىشەلەيدۇ. خەلقنى بەختلىك تاڭغا جۇڭگو كومپارتىيىسىلا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. مانا بۇ — «دېڭىزدىن سادا» ناملىق نەسىردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئاساسلىق مەركىزى ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەركىزى ئىدىيە جەھەتتىن قارىغاندىمۇ بۇ نەسىر — ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ نەسىردە پىكىر-ئىدىيە ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشۇ پىكىر-ئىدىيىنى قانداق ئىپادىلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىمۇ ئاشۇرغان. ئالدى بىلەن ئەسەردە بەدىئىي ئوبرازلار ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. بۇ ئوبرازلار ھەم سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن، ھەم ئەسەرنىڭ بايانى ئاساسەن مۇشۇ ئوبرازلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچى ئەسەرنىڭ سيۇژېتىنى دراماتىك شەكىلدە قانات يايدۇرۇپ، ئەسەرنى ئۆزگىچە قۇرۇلما شەكلىگە ئىگە قىلغان. بۇنداق دراماتىك شەكىل ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەسەردىكى مۇھاكىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. تىل جەھەتتە، بۇ نەسىردە شېئىرىي تىلغا يېقىن تىل قوللىنىلغان. تىل تەركىبلىرىنىڭ قاپىيەلىنىشى، ئاھاڭدارلىقى، تەكرارلىنىشى، ھېسسىيات تۈسىگە باي بولۇشى ئەسەرنى روشەن تىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ لىرىكىلىقىمۇ ناھايىتى

كۈچلۈك.

«دېڭىزدىن سادا» ناملىق بۇ نەسرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى-قىممىتىمۇ خېلى گەۋدىلىك. يازغۇچى ئەسەردە ھەم خەلقنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ھەققىدىكى، تەقدىرى توغرىسىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇلار بىلەن چەكلىنىپ قالماي يەنە بەختلىك، ئازاد كۈنلەرنىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقى، ئۇنى كۆرۈش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى، كۈن چىقىشتىن چوقۇم تاڭ ئاتىدىغانلىقى...دىن ئىبارەت تارىخى مۇقەررەرلىكنى بەدىئىي يول بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئۇتكۈر ئەپەندىنىڭ 1940-يىللاردا يازغان نەسرى — «بلش ئەگىم» . بۇ نەسردە ئىلگىرى سۆزلەنگەن پىكىر-ئىدىيەمۇ ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا «دېڭىزدىن سادا» دىكىگە ئوخشاش ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن. يازغۇچى كۆرۈنۈشتە تاھىر-زۆھرە ھەققىدىكى مۇھەببەت قىسسىسى سەۋەبلىك داڭلىق بولغان بلش ئەگىم ئېقىمىنى، تاھىر بىلەن زۆھرەدىن ئىبارەت تىللاردا داستان ئاشىق-مەشۇقنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن ۋاپادارلىقى ۋە جان پىدالىقىنى ناھايىتى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن يېزىپ، خەلقنىڭ تاڭ ئالدىدىكى تەقەززالىقىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە يازغۇچىنىڭ خەلق بەختى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۇرۇشلىرىنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا خەلقنى ئويغىنىپ كۆرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەسەردە تىلغا ئېلىنىدىغان «بلش ئەگىم» نوقۇل بىر جۇغراپىيىۋى نام ئەمەس، بۇ ئەسەرمۇ تەبىئەت مەنزىرىسى ھەققىدە يېزىلغان نەسر ئەمەس. بۇ يەردىكى «بلش ئەگىم» سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئەسەردىكى لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ، تېخىمۇ توغرىراقى ئەسەر بايانچىسىنىڭ بايانلىرى ئاشۇ بلش ئەگىمگە قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ. شۇڭا، بلش ئەگىمنى، بلش ئەگىم سۆيىنى كەڭ خەلق ئاممىسى دېگەن مەنىدە چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. ئەسەردە يازغۇچى مۇنداق يازىدۇ:

«...خۇددى كىمنىڭدۇر ئارقىسىدىن يەتمەك بولۇپ قوغلاشقاندەك، تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن چاپىسەن...

نېمە بۇنچىۋالا تەشۋىشتە قالدىڭ؟

بىر قاراپلا بىلدىم، چېھرىڭدە چوڭقۇر بىر قايغۇنىڭ، ئاچچىق بىر ئەلەمنىڭ ئىزى بار. خۇددى يىلانغا تولغىنىشلىرىڭمۇ مەنىسىز ئەمەس... تاپتاپىنلىق ئۇبدان بىلىمەنكى، ئۇ بىر جان ئاچچىقىدۇر...»

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ يازغۇچى بۇنىڭ سەۋەبىنى، تېخىمۇ توغرىسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى، مۇڭلۇق، دەردلىك، غەزەپلىك روھى ھالىتىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۇنداق جانلىق ھۆشەندۇرۇپ بېرىدۇ:

«...ھامان سېنىڭ ئۇستۈڭنى بىر قارا ھىجران تۇمانى باسقان، سەن شۇنىڭ ئۈچۈن دەردلىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇڭلىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقلىنىسەن، غەزەپلىنىسەن، ئاچچىقتىن تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاپئاق كۆپۈكلەر چاچرىتىسەن. جان ئاچچىقىڭدىن دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ، شىردەك ھۆۋلايسەن.

ھەققىڭ بار!

ھەر نېمە قىلماققا ھەققىڭ بار!» .

يازغۇچى يەنە بىر تەرەپتىن بلش ئەگىمنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، شۇ ئۇلاستا ئېسىل ئىنسانىي خىسلەت ۋە ئادەملىك پەزىلەتلىرىنى ئۇلۇغلىغان. ئۇ بۇ ھەقتە: «... سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭدىن، يۈكسەكلىكىڭدىن يارقىن بىر نەمۇنە ئەمەسمۇ؟ سەن ئەزەلدىن بىزگە شۇنى — سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈكنى ئۆگەتمەكتەمدىڭ؟!» دەپ يازىدۇ. يازغۇچى پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ «... قارا كۈنلەرنىڭ ئۇ بىر جۈپ قۇربانى سېنى قانچە ئاچچىق ھەسرەتكە، چوڭقۇر مەيۇسلۇككە، چەكسىز قايغۇغا سالسا، ئۇلارنىڭ قاتىلى شۇ ئىپلاس تىكەن سېنى شۇنچە تېنچسىزلاندۇرار، غەزەپلەندۈرەر، كايىتار... ناھايەت ئىنتىقام ئۈچۈن قوزغار!

ھەممە دەردىڭ، ھەممە قايغۇڭ، ھەممە تەشۋىشىڭ، ھەممە ئاچچىقىڭ شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.» دەپ، ھەممە قايغۇ-ھەسرەت، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ مەنبەئى يەنىلا شۇ قارا كۈنلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

ئۇتكۈر ئەپەندى نەسرنى چاقىرىق مەنىسىگە ئىگە، دالالەت كۈچى ناھايىتى زور بولغان مۇنداق بىر ئابزاست بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ئۇنۇمىنى ئاشۇرغان:

«تاشتىن-تاشقا ئۇرۇل، دولقۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈل...يەنە تاش!

تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ يانىق كۆزلىرى ھامان ساڭا تىكىلىپ تۇرماقتا. سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك ئۈچۈن ئۆلارنىڭ روھىنى يادلان! تاھىر داستانى بىلەن دولقۇنلان! ئۇنىڭ ئۈچۈن چەككەن ئەلىمىڭ، تارتقان دەردىڭ، جاپا-ئەمگىكىڭ مەڭگۈلۈك راھەت، مەڭگۈلۈك سائادەت!»

ئەسەردە مانا مۇشۇنداق چاقىرىقنى، مانا مۇشۇنداق جەڭگىۋار ئىدىيىنى ئىپادىلەش — ئاشۇ دەۋرلەر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئىپتىقاندا ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. يازغۇچى بۇ چاقىرىقنى، ئىدىيىنى بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئەسەر مەزمۇنىنى كۆپ تەرەپتىن چىقىپ گەۋدىلەندۈرگەن. ھېسسىيات ئىپادىلەش ئاسان قىلىنىپ، ئەسەرنىڭ لىرىكىلىقى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئاشۇرۇلغان. تىل جەھەتتە نەسىر تىلىنىڭ ھەرخىل ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مۇمكىنچىلىكلىرىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. بېگىچە سۆزلەرنى، جۈملە شەكىللىرىنى ياسلش ۋە قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن. قۇرۇلما ۋە ئىستىبىتىك ئۈنۈم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر تۇرۇپ نەسىر بىلەن كۆرۈنۈشتە بىۋاسىتە ئالاقىسىمۇ ئانچە بولمىغان مونۇ خەلق قوشىقى بىلەن ئەسەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بولغان:

«...بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈڭنىڭ شورى دەڭلار».

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نەسىر ئىجادىيىتى 40-يىللاردىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆتكۈر ئەپەندى ئىجادىيىتىدە بىر خىل ئىزچىللىق شەكىللەندۈرەلمىدى. ئۆتكۈر ئەپەندى 50-يىللارنىڭ باشلىرىدىن 80-يىللار-نىڭ باشلىرىغىچە نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانمىدى. ھەممىمىزگە مەلۇم، 80-يىللار ئۆتكۈر ئەپەندى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئىجادىيەت مۇمكىنچىلىكى يارىتىپ بەردى. ئاشۇ مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەينى-كەينىدىن «شېئىر ۋە شائىر»، «قاشتېشىغا مەدھىيە» ناملىق ئىككى پارچە لىرىك نەسىر يېزىۋەتتى. بۇ نەسىرلەرمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن بولۇپ قالدى ھەم نەسىر ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچە بەدىئىي ۋە ئىقتىدارىنى نامايەن قىلدى.

1980-يىلى يېزىلغان «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق نەسىر ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرىيەت قارشى، شۇنداقلا ئەدەبىيات قارشى بەدىئىي يول بىلەن، قويۇق ھېسسىيات ۋە شېئىر تىلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان نەسىر بولۇپ، ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئەدەبىيات ساھەسىدە، كىتابخانلار ئارىسىدا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان. بۇ نەسىر ھېلىغىچە نەسىرچىلىكىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇپتۇ. «شېئىر ۋە شائىر» دېگەن بۇ نەسىردە يازغۇچى ماۋزۇدا يازغىنىدەك، شېئىر بىلەن شائىر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىلمىي مۇھاكىمە ئەمەس، بەلكى بىر خىل لىرىك مۇھاكىمە. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇ پەقەت شائىرغىلا تەۋە سوبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ-شەخسىي قاراشنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. نەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شېئىر ۋە شائىر قارشى، بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە ئومۇمىيلىققا ۋە ئاكتىپ مەنىگە ئىگە. يەنە كېلىپ ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ نەسىرىدە ئالدى بىلەن شېئىر ئۈستىدە توختىلىپ، شېئىر ھەققىدە لىرىك مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ شېئىر ھەققىدىكى قارشىنى، مۇھاكىمىسىنى نەزەرىيىۋى ئۇقۇم-چۈشەنچىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بەدىئىي يول-ۋاستىلەر بىلەن ھېس قىلدۇرۇش شەكلىدە، ھۆكۈم-خۇلاسىلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بىرخىل ئىنكار جۈملە ئىشلىتىش شەكلىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«شېئىر — مارجان ئەمەس، يىپقا تىزىپ قويسا تۈرنۈۋېرىدىغان، ياكى ئەزان ئەمەس، قۇلاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولۇۋېرىدىغان.

شېئىر — ئايەت ئەمەس، مەنىسىنى ئۇقماي ئوقىسىلا بولۇۋېرىدىغان، ياكى ماتا ئەمەس، دۇكان قۇرۇپ توقىسىلا چىقىۋېرىدىغان.

شېئىر — كەشتە ئەمەس، رەڭدار مەشۇت بىلەن لاتىغا تىكىپ قويىدىغان، ياكى سۈرەت ئەمەس، قەغەزگە سىزىپ قويسىلا بولىۋېرىدىغان.

شېئىر — ئاسماندىكى يۇلتۇز ئەمەس، كېچىسى پارقىراپ كۆرۈنگىنى بىلەن نە ئىسسىقى، نە يورۇقى تەگمەيدىغان.

شېئىر — چۆلدىكى ئالۋۇن (ۋىل-ۋىل) ئەمەس، گاھى كۆل، گاھى دەريا، گاھى شەپە، گاھى گىياھ بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان.

شېئىر — ھاپىزنىڭ ناخشىسى ئەمەسكى، ئاڭلىغانسېرى كىشىنى ئۇگدەك باسىدىغان...»

ئۇنداق بولسا، شېئىر نېمە؟ يازغۇچى يەنە بىر خىل جۈملە شەكلى بىلەن مۇنداق يازىدۇ:

«شېئىر — ھەم ھۆسنى ھەم پۇرىقى، ھەم تىكىنى ھەم يوپۇرمىقى بار گۈلگە ئوخشاپ كېتىدۇكى، ھۆسنى بىلەن دىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلار؛ پۇرىقى بىلەن جانغا راھەت ۋە ھوزۇر بەخش ئېتەر؟ ئىشق ئەھلى ئۇنى قولاقىغا قىسار ياكى گۈلدەستە ياساپ جانانىغا تۇتار؟ ياۋا تۇڭگۇز تۇمشىقىنى تەككۈزسە، تىكىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا سانجىلار، ھەتتا بۇرنىنى قانىتار.

شېئىر —خۇددى بىر مەشئەلدۇركى، كېچە زۇلمىتىدە ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى. ياكى بىر گۈلخاندۇركى، پايانسىز دەستلەرنى يورۇتۇپ سوغۇقتىن تىترىگەن تەنلەرگە ئارام بەرگۈچى.

شېئىر — بىر قايىنام بۇلاققا ئوخشايدۇكى، تەشنالارغا ئارام، دەردمەنلەرگە دەۋا، بىمارلارغا شىپا، غەمكىنلەرگە شادلىق، ئاجىزلارغا ئۈمىد ۋە كۈچ بەخش ئەتكۈچى.

شېئىر — بىر گۈلدۈرمامىدۇركى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ، خامۇش كۆڭۈللەرنى ئويغاتقاي؛ كىشىنى سەگەك قىلىپ جەڭگە ئۈندىگەي، ئەبەدىي ھاياتقا چارقىرغاي!».

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ نەسرىدە شېئىر ھەققىدىكى قارشىنى يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل پىكىر قىلىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئەلۋەتتە بۇنى بىر خىل ئىپادىلەش ماھارىتى ۋە بايان قىلىش ماھارىتى دېمەي بولمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، شېئىر ئېنىق مەنىگە، مەقسەتچانلىققا، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشى، تەشنالىقنى قاندۇرۇشى كېرەك. شېئىر — مەشئەلدەك، گۈلدۈرمامىدەك رول ئوينىشى كېرەك. شۇنداقلا كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرەلىشى كېرەك. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شېئىرغا قويغان بۇنداق تەلىپى، شېئىرنى بۇنداق چۈشەندۈرۈشى ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ نەسرىدىكى يەنە بىر مەزمۇن شائىر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. شائىرلار ھەققىدە ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ:

«شائىر — قاغا ئەمەس، كۆرۈنگەن دەرەخقە قونۇۋېلىپ قاقىلداۋېرىدىغان.

شائىر — توتىقۇش ئەمەس، نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى دورايدىغان، ياكى ئۆمۈر بويى دوراشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان.

شائىر — كېپىنەك ئەمەس، كۆرۈنگەن گۈلنىڭ ھەممىسىگە پەرقسىز قونۇپ، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىزلىشىنىلا بىلىدىغان.

شائىر — شاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ نازۇ-نېمەتكە تولغان داستىخانلىرى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈيدىغان ياكى زاھىدلارنىڭ ئېتىكىدە خورۇلداپ ئۇخلايدىغان مۈشۈك ئەمەس».

ئۇنداق بولسا، شائىرلارنى نېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟ يازغۇچى مۇنداق ئوخشاتقان:

«شائىر خۇددى تاڭ توخۇسىدۇركى، كېچىچە تاڭنى چىللاپ تىنمىلس، تاڭ ئاتقاندا ئەلنى ئىشقا، ھاياتقا، ئەمگەك ۋە ئىجادقا ئۈندەر.

شائىر — چىن مەنىسى بىلەن بۇلبۇلدۇر. بۇلبۇل ھەرگىز باشقا قۇشلارنى دورىمايدۇ، باشقا قۇشلارمۇ بۇلبۇلنى ھەرگىز دورىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇلبۇلنىڭ ئۆز تىلى، ئۆز سۆيگۈسى، ئۆز نەپەككۇرى ۋە ئۆز تۇيغۇسى بار.

شائىر — چىراغ پەرۋانىسىدۇركى، ھالاك بولىشىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغۇچى...

شائىر — پايانسىز دەشتلەردە ئەركىن كېزىپ يۈرۈيدىغان تاماسىز ئارسلاندۇركى، ئۇنىڭ بىر ھۆركىرىشى بىلەن تاغۇ-تاشلار زىلزىلىگە كېلىپ، تۈلكە-بۆرىلەر ھۇشىنى يىققاي...»

نەسرىدىن ئېلىنغان يۇقىرىدىكى ئىككى تۈركۈم ئارىيەدىن بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ شائىر ھەققىدىكى قارشىنىڭ مەزمۇنىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، شائىرنىڭ ئېنىق مەۋقەسى، مەقسىتى بولىشى، خەلق ئۈچۈن ياشاپ ئىجاد قىلىشى، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئالاھىدىلىكىنى يارىتىشى، خەلق قەلبىنى، جەمئىيەتنى ئىجادىيىتى بىلەن لەرزىگە سالالىشى، ئېسىل خىسلەتلەرنى ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈشى ھەتتا جان پىداكارلىققىمۇ تەييار تۇرۇشى كېرەك. ئۆتكۈر ئەپەندى يەنە شائىرلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

«شائىر پەقەت خەلق بىلەن، پەقەت خەلق بىلەنلا شائىردۇر ۋە مەڭگۈ ئۆلمەستۇر!»

ئۆتكۈر ئەپەندى ھەققىي بىر ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقنىڭ شائىرى، خەلقنىڭ يازغۇچىسى بولۇشنى ئەڭ ئۇلۇغ مەقسىتى دەپ قاراپ، پۈتۈن ئىجادىيىتىنى خەلققە بېغىشلىدى، شۇڭا خەلقمۇ ئۇنىڭغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەردى. ئۇنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى خەلقىمىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايدۇ. «شېئىر ۋە شائىر» ناملىق بۇ نەسرىدە ئۆتكۈر ئەپەندى شېئىرۋە شائىر ھەققىدە ھەققەتەن ئېسىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا بۇ نەسر يالغۇز ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مۇھىم يازمىسى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئەدەبىيات قارشىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

«قاشتېشىغا مەدھىيە» — ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ 80-يىللاردا يازغان يەنە بىر مۇھىم نەسرى، شۇنداقلا ئاخىرقى نەسرى. بۇ نەسرىدە ئۆتكۈر ئەپەندى يۇرتىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئېسىل تەبىئەت مۆجىزىلىرىدىن بولغان قاشتېشىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تەرىپلەپ، قاشتېشىغا بولغان چەكسىز مەپتۇنلۇقىنى، قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن. يازغۇچى نەسرىدە يەنە قاشتېشىنىڭ تەبىئىي ئېسىللىقىنى جانلاندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھايات، ئادەملىك خىسلەت ھەققىدە بېشارەتلىك پىكىر-ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويغان:

«ئەي گۈزەل قاشتېشى! ھۆسنىڭ قانچە، پەزىلىتىڭ شۇنچە؛ پەزىلىتىڭ بىلەن قەدرىڭمۇ شۇنچە. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، تېشىڭ بىلەن ئىچىڭ بىر، ھۆسنىڭ بىلەن خۇلقىڭ بىر. ئىسسىقنى كۆرۈپ ئېرىپ كەتمەيسەن، سوغۇقنى كۆرۈپ توڭلاپ قالمايسەن. بوران-چاپقۇندىمۇ ئوخشاش، يامغۇر-كەلكۈندىمۇ ئوخشاش. قەسىر-ئايۋانلارغا قەندىل بولساڭمۇ بىر خىل، پايە بولۇپ يەردە ياتساڭمۇ بىر خىل؛ ھەيكەل ياساپ تەكچىدە قويسىمۇ بىر خىل، كۈرسى ياساپ يەردە قويسىمۇ بىر خىل؛ كۆتۈرگەنگە ئۇچمايسەن، تاشلىغانغا سۇنمايسەن، گۈزەللەرنىڭ قۇلىقىدا ھالقا، بىلىكىدە بىلەيزۈك، بارمىقىدا ئۈزۈك بولغانغا پەخىرلەنمەيسەن، تالىپقا قەلەمدان، زاھىتقا تاۋاق بولغانغا ھەقىرلەنمەيسەن. قىسقىسى، ئىنساننىڭ ھاجىتى نېمە بولسا، سەن شۇنىڭغا تەييارسەن. بۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناپلىق!».

ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ نەسرىدە يەنە قاشتېشىنىڭ ھەرخىل رەڭلىرىنى ئوخشىمىغان سۈپەت، خىسلەتلەر بىلەن تەرىپلەپ، ئاقلىقنى-پاكلىقنىڭ، سەممىيلىكنىڭ، ئۇلۇغلۇق، ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ؛ قارىلىقنى — مەدەنىيەتنىڭ، بۈيۈكلۈكنىڭ بەلگىسى دەپ؛ كۆكلۈكنى — كەڭلىكنىڭ، مۇقەددەسلىكنىڭ بەلگىسى دەپ؛ يېشىللىقنى — گۈزەللىكنىڭ، ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى دەپ يازغان.

يازغۇچى نەسرىنىڭ ئاخىرىدا، قاشتېشى ھەققىدىكى مەدھىيىسى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاشۇنداق ئېسىل سۈپەتلىك قاشتېشىنى يەنىلا مۆجىزاتلارغا باي ئەزىز ۋەتەن ئاپىرىدە قىلغان، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنى بولسا ئىجادكار خەلقىمىز دۇنياغا تونۇتقان، دېگەن ئىدىيىنى — يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بۇ نەسرى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، ئادەملىك پەزىلەت، ئالىيجاناپلىق ھەققىدىكى، گۈزەل ۋەتەن ھەققىدىكى، ئۇلۇغ خەلقىمىز ھەققىدىكى لىرىك قەسىدىدىن ئىبارەت.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆتكۈر ئەپەندى نەسر ئىجادىيىتىدىمۇ خېلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىقمۇ ئەدەبىياتىمىزغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۆتكۈر ئەپەندى نەسرلىرىدە ئومۇمەن بىگىنچە پىكىر، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئاكتىپ خاھىش ئىپادىلەنگەن. سىمۋوللۇق مەنىگە ۋە بېشارەتلىك مەنىگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىلىپ، ئىدىيە-پىكىر ئاشۇ ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆتكۈر ئەپەندى نەسرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لىرىك نەسلەر بولۇپ، قايناق ئىدىيىۋى ھېسسىيات، چوڭقۇر ئوي-پىكىر ئىپادىلەنگەن. پىكىر-ئىدىيە ۋە ھېسسىيات-كەيپىيات ئىپادىلەيدىغان سۆز، جۈملىلەر مەنتىقىلىق، مۇھاكىملىك، قايىل قىلارلىق بولغانلىقى ئۈستىگە، بەدىئىيلىك ئۆلچىمىدە تاۋلانغان ھەم تاللانغان، قاپىيە-ئاھاڭدارلىققا، ماسلىشىشچانلىققا ئىگە قىلىنغان. بۇ نەسرلەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيە، پىكىر، ھېسسىيات چوڭقۇر، ۋەزىنلىك بولغىنى بىلەن، بۇ نەسرلەرنىڭ ھەجمى ئىخچام. دېمەك، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نەسرلىرى «ئاز ھەم ساز» دېگەن سۈپەتكە لايىق.

# جاھالەتكە ئۇرۇلغان خەنجەر

## مۇختار قادىر

ئۈچ ئەسىردىن بۇيان پايانسىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزا-قىشلاقلىرى ۋە شەھەر-بازارلىرىدىكى ئاۋام خەلقلەرنىڭ ئېغىزىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقىلىپ يۈرمەكتە: سوپىلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بىر شائىر دەل ئاشۇ سوپىزىمنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە جاھان كېزىپ، خوتەندىن بۇخاراغىچە بولغان ساناقسىز يۇرت-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ چىقىپتۇ. ئۇ بارغانلا يېرىدە غەزەل (شېئىر) تېرىپ ماڭغانىكەن. بۇ غەزەللىرى قىزىل گۈل بولۇپ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. شۇ جاينىڭ كىشىلىرى ئۇنى چېكىسىگە قىسىۋېلىپ، دۇتار بىلەن ناخشا قىلىپ ئوقۇپتۇ. بۇ بىر رىۋايەت، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇ شائىر كىم؟ خەلق نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئېزىزلايدۇ؟ بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، ھەققانىيەت ئىزدەپ بىر ئۆمۈر رىيازەت چەككەن بىر نەپەر رېئالىستىك شائىرنىڭ يارقىن ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتكەن ئادەم.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 1640-يىلى نەمەنگاندىكى ۋەلى بابا ئىسىملىك بىر نامرات باپكارنىڭ ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپ، بابارەھىم دېگەن ئىسىم قويۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى سوپىزىم تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان كىچىك موللا بولغاچقا، ئوغلى 15 ياشقا كىرگەن ھامان نەمەنگاندىكى كاتتا ئىشان-موللا بازار ئاخۇننىڭ تەربىيىسىگە بەرگەن. موللا بازار ئاخۇن ئۇنىڭغا سوپىزمدىن دەرس بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەتكەن، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى يادلاتقان. بۇ ھال رەھىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشھۇر شائىر بولۇپ قېلىشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما ئۇ سوپىلارنىڭ تەييار تاپلىقى، ئاچكۆزلۈكى، ئالدامچىلىقىنى بارا-بارا تونۇپ قېلىپ، «ئارقىغا بۇرۇلۇپ خەنجەر ئۇرۇش» يولىنى تاللىۋالغان ھەم سوپىلارنىڭ يارىماس قىلىقلىرىغا نەپرەتلىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بىرقانچە گەپلەرنى قىلغانلىقى، مۇشۇ مەزمۇندا كۆپلەپ شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈن چەتكە قېقىلغان، ئاخىرى نەمەنگاندىن چىقىپ كېتىپ، ئىلى يولى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يول ئالغان.

بابارەھىمنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتى دەل ئاپپاق خوجا ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا ئۇ دەسلەپ ئاپپاق خوجىدەك بىر چوڭ ئىشاننىڭ داشقازىنىغا ھەۋەس قىلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ھوزۇرىدا چاكار بولدى. ئاپپاق خوجا ئۇنىڭ پاساھەتلىك تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «مەشرەپ» دېگەن نامنى ئاتا قىلىپ، شائىرنى ئۆمۈرلۈك چاكار قىلماقچى بولدى. بابا رەھىم يەتتە يىل چىشىنى چىشلەپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، خوجىلارنىڭ زوراۋانلىقىغا كۆنەلمىدى. ئەكسىچە، ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە غەزەللەرنى يېزىپ، خوجا-ئىشانلارغا قارشى چىقتى، ئۇلارنى مەسخىرە قىلدى. ئاپپاق خوجا بۇنىڭغا چىدىماي تېپىرلاپ يۈرگەندە، بابا رەھىمنىڭ كۆڭلى كېنىزەكلەرنىڭ بىرسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ باھانە بىلەن شائىرنىڭ گەدىنىگە قىزىتىلغان تۆمۈر مۆھۈر بېسىلدى-دە، خوجىلار دەرگاھىدىن قوغلاندى. بىراق، «مەشرەپ» نامى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ئىسىم بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 42 ياشقا كىرىپ قالغان شائىر مەشرەپ رەسمىي سەرسانلىق-سەرگەردانلىق (تىلەمچىلىك-دەرۋىشلىك) تۇرمۇشىنى باشلاپ، «ئاشىقلىق داۋاسى» بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەكەن، خوتەن، ئىلى، خوجەند، تاشكەنت، سەمەرقەند، بۇخاراۋە بەلخ قاتارلىق جايلارغا باردى ۋە مىلادى 1710-يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ تۆھمىتى بىلەن بەلخ شەھىرى (ھازىر ئافغانىستان زېمىنىدە) ھاكىمى تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ چاغدا ئۇ 69 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخىدا مەشرەپ شېئىرلىرىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى خېلى زور بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئۇيغۇر 12 مۇقام ناخشىلىرىغا تېكىست قىلىنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىدا ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىنى يول بويى ئوقۇپ ماڭدى، ناخشا قىلىپ ئېيتتى، ھەتتا خوتەن قاتارلىق جايلاردا دەرەخلەرگە، تاملارغا ئويۇپ قويدى. ھازىر شائىرنىڭ «دىۋان مەشرەپ» ناملىق توپلىمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى ۋە مەشرەپ توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەر بار. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بىرسىدە مەشرەپنىڭ خوتەندە باشقىلارغا سۇ بەرمەيدىغان بىر موللىنىڭ كۆلىگە سىيىپ قويغانلىقى، موللا ئاچچىقلىنىپ كەتكەندە، «ئاخۇنۇم، ئۆزلىرى سۇ يەتتە يۇملىسا ھالال بولىدۇ، دېمىگەنمىدىلە؟ مانا مېنىڭ سۈيۈم كۆللىرىگە چۈشكىچە ئون يەتتە قېتىم يۇملىدى، شەك كەلتۈرمەي ئىچىۋەرگەيلا» دېگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. مەشرەپ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە خوجا-ئىشانلار زۇلۇمى ھەددىدىن ئاشقان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ياشىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋە ھېكايىلىرىدە كۈچلۈك ھەجۋىي، ئۆتكۈر ساتىرا ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتچىلىكى، نادانلىق، زومىگەرلىك، ساختىپەزلىك، مال-مۈلۈك ھەسەتچىلىكى، خۇراپىي ئەقىدىلەر، تەييار تاپلىقلار، مۇناپىقلىقلار ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى ۋە قاتتىق قامچىلاندى؛ ئەمگەكچى خەلق ھەقىقەتكە ئېرىشەلمىگەن جەمئىيەت «دوزاق»قا ئوخشىتىلدى، نامرات ئەمگەكچىلەرنىڭ بايلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ۋە سىنىپىي ئۆچمەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ سوپىزم تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئېچىپ تاشلاندى؛ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئىشەنچ-ھۆرمەت تۇرغۇزۇپ، ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئادالەت-ھەققانىيەتنى ياقلاش چاقىرىق قىلىندى. مەشرەپنىڭ شېئىرلىرى ۋەزىن ۋە قاپىيە جەھەتتە خىلمۇ-خىل، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە باي، پىكرى چوڭقۇر، تىلى راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى ھەم يۇقىرىقىدەك مول ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن خەلق ئارىسىغا تېز تارقىلىپ، ساۋادسىز دېھقانلارمۇ ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان گۆھەرگە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ شېئىر ۋە ھېكايىلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

# زۆھۇرى ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

ئەشرەپ ئابدۇللا

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا مۇنداق ئۈچ چوڭ پەللە بار. بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى ۋەكىللىكىدىكى XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پەللىسى؛ يەنە بىرى ئەلىشىر ناۋايى، ئەبەيدۇللا لۇتفى ۋەكىللىكىدىكى XV ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پەللىسى؛ ئۈچىنچىسى ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا بىلال نازىمى ۋەكىللىكىدىكى XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پەللىسىدۇر.

زۆھۇرى XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە زور رول ئوينىغان مەدەنىيەت ئەربابى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، لىرىك شائىر ئىدى. ئۇ XIX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا قەشقەرگە ھاكىم بولغان مەزگىللەردە، بىر تەرەپتىن قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر مەرىپەتچى، بىلىملىك ئەمەلدار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. مەدەنىيەت ئىشلىرىنى قوللىدى. ئالىم، يازغۇچى، شائىرلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇلارغا مەدەت بەردى. بولۇپمۇ ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىرلىكتە شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن باشلامچىلىق رول ئوينىدى.

كەڭ خەلقنىڭ مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتىنى تېز يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن شائىر زۆھۇرى ئالدى بىلەن ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى تەشكىللەپ، ئابدۇرېھىم نىزارى باشچىلىقىدىكى زىيائى، غېرىبى، سەبۇرى لار ئەزا بولغان بىر كاتىبات ئىشخانىسىنى قۇردى. ئۇ بۇ ئىشخانىنى كۆرۈنۈشتە مەمۇرىي خەت ـ چەكلەرنى، ئەمىر-پەرمانلارنى بېجىرىش ئىشلىرىگە ورۇنلاشتۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شائىرلارغا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجادىيەت سورۇنى قىلىپ ـرگەن ئىدى.

بۇ، ئەدەبىياتقا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان، قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زۆھۇرى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە بىر سورۇن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالاھىدە ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ ئىشخانىنى تەشكىللىدى. زۆھۇرى قۇرغان بۇ ئىشخانا، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەرنى يارىتىپ، XIX ئەسىر گۈللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر تەرىپى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا بىلال نازىمى ۋەكىللىكىدىكى ئەدەبىيات پەللىسىنى بەرپا قىلىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ ئىشخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، زۆھۇرىنىڭ تەشەببۇسلىرى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ باشچىلىق قىلىشى، زىيائى قاتارلىق شائىرلارنىڭ زور ئەمگىكى بىلەن تۆۋەندىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى.

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۇلارغا قىزغىن خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭ خەت ـ ئالاقە، خەت ـ چەكلىرىنى يېزىپ بەردى. نىزارى قاتارلىق شائىرلار ئوردا كاتىپلىق خىزمىتىنى قىلىش بىلەن بىرگە زۆھۇرىنىڭ قىزغىن تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرى ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى توپلىدى ۋە ئۇلارنى كەڭ تۈردە كۆچۈرۈپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقاتتى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى قاندۇردى. ئۇلار يەنە ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى كىتابلارنىمۇ توپلىدى. ئۇلارنىمۇ كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى شۇكى، بۇ شائىرلار زۆھۇرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دۇنياۋى تېمىدىكى مول مەزمۇنلۇق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. داستانچىلىقتا

يۇسۇپ خىلى ھاجىپ ۋە ئەلشىر ناۋايىدىن كېيىنكى ئالتۇن دەۋرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن: ئابدۇرېھىم نىزارى بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «نىزارى داستانلىرى» بىلەن پەلسەپۋىيلىك داستان «دورىلناجاد» (نىجادلىق ئۇنچىلىرى) نى يازدى. نورۇز ئاخۇن زىيائى «مەھزۇنۇل ۋاھزىن»، «مەسئۇد ـ دىلئارە»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا» داستانىنى «ياۋا توشقان»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان» ناملىق مەسەللىك داستانلارنى يازدى. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىي «كىتابى غېرىپ» ناملىق داستان بىلەن «بەھرام گور» داستانىنى، «غەزەللەر» ناملىق كىرىك شېئىرلار يازدى. ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى «ماقالات» ناملىق ئەسەرلەرنى يازدى. زوھۇرى ئۆزى نورغۇنلىغان لىرىك شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن «دىۋان زوھۇرى» نى تۈزۈپ چىقتى.

بۇ ئېشخانا زوھۇرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نىزارىنىڭ باشچىلىقىدا يەككە ئەسەر يېزىشتىن يەنە ھەمكارلىشىپ ئەسەر يېزىپ، ئەدىبلەر ھەمكارلىشىپ ئەسەر يازىدىغان ياخشى ئىجادىيەت ئۇلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئۇلار مانا شۇنداق ئىجادىيەت ئەخلاقى ئاساسىدا چوڭ ـ چوڭ «باياز»، «كوللىياتلار» نى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن: ئابدۇرېھىم نىزارى باش تەھرىرلىكىدە زىيائى، غېرىبىي قاتارلىقلار بىرلىكتە «غېرىبلەر ھېكايىتى» ناملىق بايازنى تۈزۈپ چىقتى. نىزارى بىلەن زىيائى بىرلىكتە «چاھار دەرۋىش» داستانىنى يېزىپ چىقتى. بۇلار ئىككىسى ناھايىتى ياخشى ھەمكارلاشقىنى ئۈچۈن داستان خۇددى بىر ئادەم يازغاندەك چىققان.

بۇ ئېشخانىدىكى ئەدىبلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، ئىجادىيەت مېتودى، ئۇسلۇبى ھەم خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭگا ـ رەڭ، خىلمۇ ـ خىل بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مەسىلەن: نىزارى، زىيائى، غېرىبىيلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدىغان، راس ۋەقە ماتېرىيال قىلىنغان، راس ئادەملەر پېرسوناژ قىلىنغان رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىلغان «رابىيە ـ سەئىدىن»، «مەھزۇنىل ۋاھزىن»، «كىتابى غېرىپ» ناملىق ئەسەرلەرنى يازدى. يەنە نىزارى، زىيائى، غېرىبىيلار ئەن ـ ئەنئۋى تېمىلار ماتېرىيال قىلىنغان، رېئال جەمئىيەتنى ياندىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەسەرلەر «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «مەسئۇد ـ دىلئارە»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «بەھرام گور» نى يازدى.

زىيائى ۋە سەبورىلار رېئال مەسىلىلەرنى ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىمۋۇللىزملىق ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىلغان «ياۋا توشقان»، «مۇشۇك بىلەن چاشقان»، «ماقالات» ناملىق ئەسەرلەرنى يازدى. بۇ ئېشخانىدىكى ئەدىپلەر يەنە ھەر خىل شەكىلدىكى لىرىك شېئىرلارنى كۆپلەپ يېزىپ، بۇلاردىن توپلاملارنى تۈزۈپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ دىۋان تۈزۈش ئەن ـ ئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. مەسىلەن: نىزارى مۇخەممەسلەرنى يازدى. بۇ مۇخەممەسلەردىن «نىزارى مۇخەممەسلىرى» توپلىمىنى تۈزۈپ چىقتى. غېرىبىي نورغۇنلىغان غەزەللەرنى يازدى. غەزەللەردىن «غەزەللەر» دىۋانىنى تۈزدى. زوھۇرى غەزەل، ئۇستەزاد، مۇخەممەسلەردىن تەركىب تاپقان «دىۋان زوھۇرى» نى تۈزۈپ چىقتى.

دېمەك، زوھۇرنىڭ تەشكىللىشى ۋە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشى بىلەن قۇرۇلغان بۇ ئېشخانا، ئۇ دەۋرنىڭ ئاتاغلىق شائىر ـ يازغۇچىلىرى ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئەڭ ئازادە سورۇن بولۇپ، ئېشخانىدا نىزارى، زىيائى غېرىبىي، سەبۇرى، زوھۇرى قاتارلىق شائىرلار مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە تۆرتكىلىك رول ئوينىدى.

زوھۇرنىڭ بۇ گۈللەنگەن ئەدەبىيات دەۋرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە قوشقان تۆھپىسى بەكمۇ زور. ئۇ ئۆزىنىڭ زور ماددى ۋە ئەمەلىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ بەردى. ئۆزىمۇ زېھنى كۈچىنى ئەدەبىياتقا سەرپ قىلىپ، ناۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، نىزارى قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇنى مول، بەدىئىلىكى يۇقىرى، لىرىكىلىق تۈسى قويۇق بولغان شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى.

زوھۇرى يازغان شېئىرلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىگە خىلى بولغان شېئىرىي ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1. ماكان ۋە زامان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى رېئال مەسىلىلەرنى چىنلىق پرىنسىپى

ئاساسىدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، شائىر زۆھۈرى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى.

ئېنىقكى چىنلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ جېنى، چىنلىق ئىپادىلەنمىگەن ئەسەرنىڭ ھاياتى كۈچى بولمايدۇ. شائىر زۆھۈرى ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى سادىر بولىۋاتقان رېئال مەسىلىلەرنى چىنلىق پرىنسىپى بويىچە ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ «جان ئاراسىرۇ نىجالىمدۇر قەدى زىبا يىگىت» ناملىق شېئىرىدا پەرۋاسىز، باغرى تاش، بوينى قاتتىق يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىغا نەپرەت ئوقۇپ، تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىگە - خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى. جۈملىدىن دىلى سۇنۇق خوتۇن-قىزلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى.

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىك، تەڭسىزلىك فېئودالىزمدىكى ھەقىقەتەن مەۋجۇت مەسىلە ئىدى. بۇنى زۆھۈرى بىلەن شائىر نىزارى يېرىك ئوبرازلار بىلەن يېزىلغان داستان «رابىئە - سەئىدىن» ئارقىلىق ئېخمۇ ئەسىرلىك قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى. دېمەك زۆھۈرى فېئودالىزمدىكى تەڭسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ ئوبرازلىق تىللار بىلەن يېزىلغان شېئىرى ئارقىلىق چىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

زۆھۈرى شېئىرلىرىدا روھانىيەتچىل تەركىي دۇنياچى سوپى ئىشانلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ خەلققە، جەمئىيەتكە سېلىۋاتقان ئېغىر زىيىنى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. بۇمۇ شائىر زۆھۈرى ياشىغان دەۋرلەردىكى رېئال مەسىلە ئىدى. بۇنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆز شېئىرىدا تەسۋىرلەپ بەردى.

دېمەك، زۆھۈرى فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

2. شېئىرىي تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقى، ئىپادىلەش كۈچىگە باي ئىكەنلىكى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى شائىر زۆھۈر ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك.

تىل، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئوبراز يارىتىشتىكى تۈپ ۋاستە. ماكسىم گوركى: «ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى تىلدۇر، تىل، ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ماتېرىيالىدۇر، ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئوبرازلارنى، تىپلارنى، خارەكتېرلارنى يارىتىدۇ. تىلنىڭ ياردىمى بىلەن رېئال ۋەقەلەرنى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ۋە تەپەككۇر جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، شائىر پاكى يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئېيتماقچى بولغان پىكىر، تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئى ۋە روھى ھالەتنى ئەڭ ئېنىق، ئەڭ يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆز ۋە ئىبارىلەرنى تاللىشىغا باغلىق تۇر. شېئىرىيەتتىكى تىل، شائىر تەرىپىدىن يالغۇز چوغدىن يىسالغىنى ئۈچۈن، ئۇ شائىرنىڭ كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

شائىر تەرىپىدىن تاللانغان، تاۋلانغان شېئىرىي تىل، ئەدەبىياتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، شېئىرنىڭ مەزمۇنى جانلىق، يارقىن، كۈچلۈك، تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ چىقىدۇ. شېئىر ئىجادىيىتىكى بۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا، شائىر زۆھۈرى شېئىر ئىجادىيىتىدە يۇقارقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئالاھىدە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ، شېئىرلىرىدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، كىنايە، سىمۋۇل قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە مەزمۇن بىلەن زىچ باغلانغان شېئىرىي پىكىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇردى. زۆھۈرى «نى قارا مۇڭدۇر باشىمغە قىلدى جەۋرىدوست» دېگەن شېئىرىدا، ساختا دوستنى، بەزمە ئىچىدە يەنچىلىپ ياتقان رەقىبكە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ساختا دوست ھەققىدىكى پىكرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ساختا دوستنىڭ ساختىلىقى، پەسكەشلىكلىكى، مۇناپىقلىقى، رەزىللىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خۇددى چالا بوغۇزلانغان قۇشقا ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ دەپ كەسكىن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. زۆھۈرى ساختا دوستنىڭ ھاياتى ئەنە شۇ چالا بوغۇزلانغان قۇشنىڭ نالە - پەرياد ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتىغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ھايات بولىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى خەلق ۋە تەڭرى ئالدىدا جازاغا مەھكۇم شەرمەندى ھاياتتۇر، دېگەن پىكرىنى ئوبرازلىق ئالغا سۈرىدۇ.

زۆھۈرى شېئىرلىرىدا يەنە سۆرۈلمۋاتقان ئىشقنى جاپاغا، ئەلنىڭ خىزمىتىنى يارىنىڭ ۋىسالىغا ئوخشىتىدۇ. ئۇ ئەلنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ناپا(ئەمگەك) تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق دېگەن ئىدىيىنى

ئىپادىلىگەن.

زەھۇرىنىڭ «جان ئاراسىرۇ نىجالىمدۇر قەدى زىبايىگىت» ناملىق شېئىرى، قويۇق سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە شېئىرى بولۇپ، شېئىردا ئىككى ئوبكت تەسۋىرلىنىدۇ. بىرى يىگىت، بىرى قىز، يىگىت - فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىگە سىمۋول قىلىنغان بولسا، بىچارە قىز تۆۋەن تەبىقە، ئەمگەكچى ئاممىغا سىمۋول قىلىنغان. شائىر بۇ ئىككى سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ خارەكتېرلىرىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھەر قايسى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسەتكەن.

سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش، بۇ ئارقىلىق پىكىرنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش زەھۇرى شېئىرلىرىدىكى تىلنىڭ ئوبرازچانلىقىغا ئىگە بولۇشىدىكى مۇھىم ھالقا. ئۇ شېئىرلىرىدا روشەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق پىكىرنى ئېنىقلىققا ئىگە قىلدى. مەسىلەن: ئۇ شېئىرلىرىدا ساختا دوست بىلەن چىن دوستنى سېلىشتۇرىدۇ. قىز بىلەن يىگىتنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، فېئودال ئاق سۆڭەكلەر بىلەن خەلق ئاممىسىنى سېلىشتۇرىدۇ. زەھۇرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ئادىل پادىشاھ بىلەن، زالىم پادىشاھنى روشەن سېلىشتۇرۇپ، ساختا دوستنى قارىلاپ، چىن دوستنى مەدھىيىلەيدۇ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەن - مەنچىلىكىنى پاش قىلىپ، خەلق ئاممىسىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. زالىم پادىشاھقا نەپرەت ئوقۇپ، ئادىل پادىشاھنى مەدھىيىلەيدۇ، ئالىملارنى قەدىرلەپ، بىلىمسىز، نادانلارنى بىلىم ئىگىلەشكە چاقىرىدۇ.

زەھۇرى شېئىرلىرىدا كىنايە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ئاقنى قارا قىلىدىغان، ھەقنى ناھەق قىلىدىغان، خەلقنى ئالدايدىغان، شەرىئەت ھۆكۈمىگە ئۇيغۇن بولمىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەركىي دۇنياچى سوپى ئىشانلارنى قاتتىق كىنايە قىلىدۇ. ئۇلارنى ساتىرا قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى كىنايە ئارىلاش مىسرالىرى مۇنداق:

مەي مەنى قىلدى خۇمارۇ، موتپەلالىقدىن خالاس،
كەيفى بىخۇد، ئەيلەگەچ ھەم خۇدنىمالىقدىن خالاس.
ھەمدۇلىللاھۇ، قاچتى مەندىن مەست كۆرگەچ زوھد ئەملى،
بولماي ئېردىم جەھەد ئېتىپ كۆپ ئاسانلىقدىن خالاس.

ئەللاھا! بوززەھۇرىنى يىراق تۇت زەھدۇ تەقۋادىن،
كىشكىم زوھد ئېتەر ئاندىن يىراق بولماس رىيا قىلماق.

زەھۇرى «گەر قېرى ئەيلىسە يانلار ئارا بەزىم ئارالىق» دېگەن شېئىردا قېرىسىمۇ، ئەمما قېرىغىنىنى بىلمەيدىغان جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىمۇ قاتتىق ھەجۋىي قىلىپ، ئۇلارنى كىنايە قىلىدۇ.

3. زەھۇرى شېئىر ئىجادىيىتىدە، لىرىك ئوبراز ئارقىلىق ئىدىيىنى ئىپادىلەش ۋە ناۋايىگە مۇراجىئەت قىلىش يولى بىلەن سىياسى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن.

ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبراز بولىدۇ. چۈنكى ئوبراز يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى توشۇغۇچى ئەلچى. ئوبراز بەزىدە ئوچۇق بەزىدە يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدۇ. شائىرلار ئەنە شۇ يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، مۇرەككەپ ئوي - پىكرىنى، روھىي ھالىتىنى، كەچۈرمىشلىرىنى، ھاياتقا، تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار بۇ ئوبرازلارنى ئۆزلىرىنىڭ رومانتىك قەھرىمانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، غايىلىرىنى، رومانتىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىدىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ناۋايى قاتارلىقلار «گۈزەل يار»، لىرىك قەھرىمان «مەن»، «مەي»، «ساقى»، «رەقىپ» قاتارلىق لىرىك ئوبرازلىرى ئارقىلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلىدى، يامان ئەخلاققا رەددىيە بەردى. ئۆزلىرىنىڭ زامانغا بولغان تۈرلۈك قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى.

شائىر زەھۇرى ئەنە شۇ كلاسسىكلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، شېئىرلىرىدا قىز (يار)، يىگىت («مەن»)، «ساقى»

، «مەي» ، «ساختا دوست» ، «قېرىغىنىنى بىلمەيدىغان كىشى» ، «رەقىپ» قاتارلىق لىرىك ئوبرازلار ئارقىلىق، گۈزەللىك، ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، كىشىلىك ھايات، جەمئىيەت، ھىجران، زاماندىن زارلىنىش، رەقىبلەرگە غەزەپ ـ نەپرەت، ساختا كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىمەنە قىلمىشلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئىدىيىلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى.

ئۇ شېئىرلىرىدا ناۋايىگە، زاماندىش شائىر مەزھەرىگە ۋە ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىش يولى بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى بايان قىلغان. تۆۋەندىكى مىسرالار پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

مىرناۋايى بىرلە جامىدىن، زوھۇرى كۆت ئۇمۇت،
قىلغۇسى بىر جام بىرلە بىناۋلىقتىدىن خالاس.

تۇتارمەن كۆر، ناۋايى قويسە جامغە مەيى شىراز،
ئىچمەگە سالغاي ئاتەشرەك مەيدىن ئوت شەرار ئەيلەپ.
مەزھەرى بىر دىير ئارا تۇتساڭ ئىكەۋلەن بىر ھەۋا،
بولغامىز نەفسە ھەۋا رومى رىيالىقىدىن خالاس.

زوھۇرى ئىلتىماس ئەيلەر كۆرمىدەپ ئانچە مەزھەرىدىن،
ئەياسلىقى، كۆتەرمەي، نور ئەمدى ئىنتىزار ئەيلەپ.

4. زوھۇرى شېئىرىي ئىجادىيىتىدە تارىخنى ئەسلەپ، ئۇنى ئىخچام سۈرەتلەش ئارقىلىق، بۇنىڭغا ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدىكى بىر يېڭىلىق.

ئۇ «دۇنيا يۈزىدە ئەھلى سافالەر كەتتى» ناملىق شېئىرىدا ئىلىم-مەرىپەتنىڭ سىمالىرى بولغان لوقمان ھېكىم، بۇقرات، فىلاتون، ئارىستوتىللارنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. يەنە شېئىرىيەت بېغىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇللىرى بولغان خىسراۋ دېھلەۋى، سەئدى، نىزامى، فىردەۋسىلەرنى ئەسلەيدۇ. ئاندىن مال-دۇنيا، مەرتىۋە، سەلتەنەت ئىگىلىرى قارۇن، شەددات، جەمشىت، ئىسكەندەر، كاۋۇسلەرنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيادىن كەتتى، يەنە قازىلار، مۇفتىلەرمۇ ياشاپ ئۆتتى، پۇقرالارمۇ ياشاپ ئۆتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيادىن كەتتى دېيىش ئارقىلىق تارىختىكى بىلىمدارلار، ئالىملار، پەيلاسوپلار، يازغۇچى ـ شائىرلار، پادىشاھلار، دىنىي ـ ئۆلىمالار، پۇقرالارنى قىسقىچە ئەسلەيدۇ. ئۇلارنى سېغىنىشتۇرما قىلىدۇ. زوھۇرى ئۆزى يەكۈنلىگەن بۇ تارىخ ئارقىلىق، ئۆزىگە ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان زامانغا بولغان پوزىتسىيىسىنى، قارشىنى ئىپادىلىگەن. ئۆزىنى ۋە زاماندىش كىشىلەرنى تارىختىكى كىشىلەردىن ساۋاق ئېلىپ، بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا خەلققە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنىڭ قىلىشقا بولىدۇكى، ھەرگىز زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ قويماسلىق كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

دېمەك، زوھۇرى تارىخنى ۋە تارىخىي ساۋاقلارنى ئۆز دەۋرى، زامانىسىگە باغلاپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى تەربىيىلىمەكچى بولغان.

خۇلاسىلىغاندا، زوھۇرى بىر مەرىپەتچى ئەمەلدار سۈپىتىدە XI X ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن مەدەنىيەت ئەربابى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈسۈپخاس ھاجىپ، ناۋايىدىن كېيىنكى نىزارى دەۋرى ئەدەبىيات پەللىسىنى يارىتىشتا تۈرتكىلىك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىغان ياخشى پىتەكلىگۈچى، نىزارى، زىيائىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، XI X ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى تۈس بىلەن تۆھپە قوشقان لىرىك شائىر.